
# نەسىردىن ئەپەندى

## لەتىپىلىرى قامۇسى


## 2



شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# نەسىردىن ئەپەندى



ISBN 7-5371-5400-7

9 787537 154000 >

ISBN7 – 5371 – 5400 – 7

(民文)　总定价：50.00 元

# نەسىرىدىن ئەپەندى

## لەتىپىلىرى قامۇسى

## 2

تۈزگۈچى : ئەكبەر غۇلام



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
卡米拉·热合曼
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

# 阿凡提笑话大全(2)(维吾尔文)

艾克拜尔·吾拉木　编

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　15.875 印张
2006年4月第2版　2006年4月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—5400—7　总定价:50.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: سائادەت ساۋۇت
كامىلە راخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى قامۇسى ( Ⅱ )

تۈزگۈچى: ئەكبەر غۇلام

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.875
2006 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5400 — 7
سانى: 1—3000
ئومۇمىي باھاسى: 50.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ئالتۇن ئۇزۇك ........................................ 485
ھىندىستاننىڭ تەرخەمىكى .................... 486
چىۋىن ............................................... 488
زادى ئاڭلاپ باقمىغان ئىش ................... 490
بۇ مۇمكىن ئەمەس .............................. 493
زەمزەم .............................................. 495
توخۇ بىلەن ئۆچكىنىڭ كارامىتى ............ 496
ئەپەندىم ۋە قاراقچى ............................. 497
گەپ يورغىلىتىش .................................. 499
ياۋا ئاتنى كۆندۈرۈش ............................ 500
سازەندە .............................................. 502
قازى ئىشەك ........................................ 503
بەيگە ئۆكۈز ....................................... 504
ئىشنى بۇزدى ...................................... 505
سەكسەن بۆرە .................................... 506
نەدىن بىلىسىلەر .................................. 508
ياش چېغىمدىكىگە ئوخشاش ................... 509
ئالمىنىڭ يوغانلىقى ................................ 510
شوتا ................................................. 511
كاۋىغا لايىق قازان ............................... 512

سىز يەنە قانچە يىل ئۆمۈر كۆرەرسىز ........ 513
لاپ ........................................ 514
جاسارەت .................................... 515
كەمتەر پەيغەمبەر ........................... 516
ئۆلۈك ...................................... 517
چىراغنىڭ پايدىسى ........................... 520
كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ............................ 521
ئاۋۋال سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىپ كېلەي ........ 523
ھېچنېمە .................................... 524
ئۆرۈك يېگەندە .............................. 525
ئەپەندىمنىڭ ئۆمرى .......................... 526
يۇمشاق نەرسە ............................... 527
قېرىلىقنىڭ ئالامىتى ........................ 528
بىر دەقىقە ساقلاڭ ........................... 529
بۇ يىل قۇرغاقچىلىق ......................... 530
ئاي - كۈنىلا ئالدىغا سۈرۈپتۇ ................. 531
ئەتىگەندىمۇ، كەچتىمۇ ........................ 532
جاۋاب ...................................... 533
نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ ........................ 534
مەندىمۇ ئالدىراڭغۇ ئىكەنسەن ................. 535
ئۆزۈڭنىمۇ قوغلىۋەت .......................... 537
بۈگۈن ئېلىپ قاچىدىغان كۈن .................. 538
كۈن پاتالماي قىزىرىۋاتقان گەپ ............... 539
ئەتىيازنى ئېلىپ قېلىڭ ....................... 540
يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ ......................... 541

قۇلىقىم ئىككى، ئاغزىم بىر ...... 542
ھېچنېمە ...... 543
قانداق قىلاتتىڭىز؟ ...... 544
قېچىر خالىغان يەرگە ...... 545
ئۆلگۈدەك راھەتلىنىش ...... 546
مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن ...... 547
تۆت تۇگمە ...... 548
ھۇرۇن ئەپەندىم ...... 549
ئۇستا ساتىراش ...... 550
رەھمىڭمۇ چاغلىق ئىكەن ...... 551
بىر مۇشت بەش تەڭگە ...... 552
قوينىڭ نەرخى ...... 554
ئەزان ...... 555
مۇنار ...... 556
غوۋغا ...... 557
خورەك ...... 558
قولۇمدىن كېلىدىغىنى ...... 559
ئاي ۋە يۇلتۇز ...... 560
يېرىم باھا ...... 561
بىز ئىككى ئادەم ...... 562
چىراغنى ئۆچۈر ...... 563
پەرىجەمنى مىنگەشتۈرۈۋېلىڭ ...... 564
ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ ...... 565
سىر ساقلىماق تەس ...... 566
خورەككە ئامال ...... 567

پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش ................ 568
كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرۈش.................... 569
ئۈيقۇم قاتتىق ........................ 570
تۆشۈك تەڭگە ........................... 571
خۇدا خالىسا ........................... 572
ئامانەت ............................... 573
تەنتەك ۋە ساراڭ ........................ 574
ئايىنىڭ نەچچىسى ........................ 575
ئاخىرەت ............................... 576
ئەركە بەندە ........................... 577
ئاي .................................. 578
كەچۈرۈم ............................... 579
تۆگىگە قانات بەرسە ..................... 580
ناماز ................................. 581
نەق پۇل ............................... 582
قەرز .................................. 584
بۆدۈنە ................................ 585
دەررە كەلگۈچە .......................... 586
بالا ـ چاقا ............................ 587
پەشتاقنى ھەرىلىۋېتىمەن .................. 588
ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆيى .................... 589
چاپاننىڭ ئىگىسى ........................ 590
قىز ئايرىپ بېرىش ....................... 591
ئوغرىنى بابلاش ......................... 593
كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ...................... 595

قېرىپ ئۆلۈشنى تالللىدىم .......................... 596
بىزنىڭ توخۇلار .......................... 597
چاپىنىڭىزنى ئېلىپ قويىمىز .................. 598
مەرگەنلىكىدە چاتاق يوق .................... 599
دېڭىز سۈيى ............................. 600
ئاشخانا ................................ 601
مازار بىلەن بازار ....................... 602
گەپ بىلمىدىغان ئېشەك ...................... 603
غەلىتە چۈش ............................. 605
زىنداندا كۆرۈشەيلى ...................... 606
چاپىنىم يىقىلىپ چۈشتى ...................... 607
يىتۈپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ ................ 608
ئالدىمىزدىمۇ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ................ 610
تورغاي بىلەن قۇشقاچ ...................... 611
ئۆينى ھويلىغا كۆچۈرۈڭ ..................... 612
ئۇزۇن بۇرۇن ............................ 613
مەيدە ئاغرىقى ........................... 614
خۇدا نەدە ............................... 615
سولخاي جانىۋار .......................... 616
ئۆپكە - ھېسىپ .......................... 617
ئەقلىڭ يەتمىسە .......................... 618
شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق ................. 619
ئۇيقۇمنى ئىزدەپ ......................... 620
مۈشۈك ۋە گۆش ........................... 621
پەم ..................................... 622

ئالاقىسى زور ................................ 623
سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسىز ..................... 624
بۇ قانداق ناماز................................ 625
ناسۋال .......................................... 626
مۇساپىرمەن ................................... 627
ئاش تۆكۈلۈپ كېتىدۇ........................ 628
كىشىلەرنىڭ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن ............... 629
ئەپەندىمنىڭ مۈچىلى ........................... 630
مەن ئۇخلىۋالدىم .............................. 631
دۇنيانىڭ غېمىدىن ............................. 632
ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ............................ 633
خۇدا قانداق كۆرسۇن ......................... 634
مۇشۇكنى ئاداشتۇرۇش.......................... 635
ئامانەت ......................................... 636
يۇملاق سۇ ..................................... 637
قانداق كەلسە، شۇنداق ئۇرۇش ............... 638
گۆركار ........................................... 639
ئالارمەننىڭ دۇئاسى ............................ 640
ئاتنى تونۇش..................................... 641
ئىشەنمىسەڭلار ئۆلچەپ بېقىڭلار ............... 642
خۇدانىڭ ئۆيى ................................... 643
ئېشەك بار يەرگە............................... 644
سىزنى قوشقاندا بەش بولىدۇ .................. 645
ناسۋىلىڭ بارمۇ ................................ 646
قىيامەتتە ....................................... 647

ئۆننى ئاپىرىپ بەرگىن ........................ 648
ئەمدى جىم ياتمەن .......................... 650
قازارا ........................................ 651
چىركىن قاغا ................................ 652
ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى ............ 653
بۇ يەرنىڭ ئاي ـ كۈنى ماڭا يات .................. 654
ئوخشاش كۆزدە قاراش ........................ 655
ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدە ........................ 656
خام كىشى خام ناننى يەڭ ...................... 657
كۆزسىز ئۈزۈك ۋە ئۆگزىسىز ئۆي ............... 658
بالامنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى ............... 659
ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلىۋېلىڭ ................ 660
كەتمەن بىلەن كولاڭ .......................... 661
قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ .................. 662
ئېھرام ........................................ 663
قۇملۇقتا يۈگۈرۈش .......................... 664
خىيالدىكى پۇراق ............................ 665
ئىسمىڭمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ................... 666
خۇدايىم بۇيرۇسا ............................ 667
قوغداپ قالغانلىرىغا باركاللا ................... 668
تەلىيىڭ مەندىن ياخشىكەن ...................... 669
ئارغىماق مەندە قېلىۋەرسۇن .................... 670
قايناق سۇدا تەرەت ئېلىش ...................... 672
تۆت قىز چىقارغاننىڭ ئۆيى ..................... 673
لەتىپە ......................................... 674

كىچىككىنە سەللە ئۈچۈن ........................ 675
ئەخمەق پەرىشتە ........................ 676
ئەپەندىم بىناماز ........................ 677
بوپتۇ ........................ 678
ئوينىۋالسۇن ........................ 679
ئەمدىكىسىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ ........................ 680
خىجىللىق ........................ 681
خۇدا بەرگەن ئات ........................ 682
گەپ سەللىدە بولسا ........................ 683
بىر قوشۇقمۇ قېتىق يوق ........................ 684
ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار ........................ 686
پادىشاھلىق تالىنىڭ پوقىقى ........................ 687
كىم ھاماقەت ........................ 688
چۈشۈشكە يارىشا چىقىش ........................ 689
مەخپىيەتلىك ........................ 691
ئېشەك ئوغرىلاشنىڭ جەريانى ........................ 692
بۇنىسىنى بىلگەن بولسام ........................ 693
بۈگۈن ھەپتىگە قانچە؟ ........................ 695
قوي ۋە جۇۋازچى ........................ 696
باھانە ........................ 697
ئۆكۈزدىن سوراڭ ........................ 698
يېگەنگە يارىشا ........................ 699
قىيما كۆمىلچى ........................ 700
كەتمەننىڭ غىلىپى ........................ 701
بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئېيتىپ بەرسۇن ........................ 702

خۇدايىم بەرسۇن ........................ 704
ئون كاپام ئاش ........................ 705
پىخسىقلىقىمدىن ئەمەس ........................ 706
تۆت پۇتىڭىز بىلەن قاچاتتىڭىز ........................ 707
ئاچچىق ئۆرۈك يېگەن بۇلبۇل ........................ 708
ۋايۋىلەكىنىڭ بالىسى ........................ 709
ياخشى شەھەر ........................ 710
جۇۋاۋا سوۋۇغچە ........................ 711
نېمە ئىلاجىم؟ ........................ 712
قەدىردان سامبۇسا ........................ 713
ئاق قەنت ........................ 715
ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى ........................ 716
سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ........................ 717
يىلان ۋە ھېسىپ ........................ 718
قېتىققا تۇز سېلىپ ئىچىش ........................ 720
قورۇق بارامدىم ........................ 721
خالىسىڭىز شاپىلاق يەڭ ........................ 722
تىرىلىۋالغۇچە ........................ 723
بوسو ۋە پولۇ ........................ 725
ياش چېغىمدىمۇ ئوغرىلاپ يېگەن ........................ 726
خۇدادىن قورقۇپ ........................ 727
پۇرۇچ ۋە بايراق ........................ 728
ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ........................ 729
شۇمۇ شېرىكمۇ ........................ 730
پولۇ بىلەن مانتا ........................ 731

نامەردلىك .......................................... 732
ئوغرىنى قاراقچى ئۇردى .......................... 733
ئوغرىلىققا كىردىم دەيمۇ بولمىسا ............ 734
سالغا سېتىۋېلىش.......................................... 735
چوڭ بېلىق ۋە كىچىك بېلىق........................ 736
پۇلنى سىز بېرەمسىز؟ ........................ 738
ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ........................ 739
ئالاقىسى بار گەپ ........................ 740
ئەزرائىل مېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ........................ 741
ئۇرۇش قانداق باشلىنىدۇ؟ ........................ 742
ئاۋۇ يالغانچىنى تۇتۇۋېلىڭلار ........................ 744
ئەپەندىمنىڭ ھېساباتى ........................ 745
يەنە نېمە كەم؟ ........................ 747
بىرلا كۈن ........................ 748
ھۆسن - جامال ۋە نان ........................ 749
تەتۈر ئات .......................................... 750
بىچارە ئەر ........................ 751
قوشنا خوتۇن سەۋەبچى........................ 752
پېتىر نان.......................................... 753
ھودۇقۇش .......................................... 754
كۆزەينەكنى بەر ........................ 755
ئەرگە ئوخشىدىممۇ؟........................ 756
نېمىدەپ يىغلايسەن؟ ........................ 757
قىلىچ ۋە كۆسەي ........................ 758
ئوغرىدىن ئۈمىد ........................ 759

سەنمۇ شۇكۇر قىل ........................... 760
بۇگىلۇككە* پاتمىدۇق ........................... 761
ئۆزۈڭدىن كۆر ........................... 763
دەمىدە ........................... 765
ئىككى ئوت بىر بولۇپ ........................... 766
بۇغداي ۋە خالتا ........................... 767
چىراغ يېغى ........................... 768
خوتۇن ۋە ئوت ........................... 770
ئاۋارە بولماڭ ........................... 771
قانچىلىك يول باستۇق ........................... 772
زاغرا ........................... 773
خوتەك ........................... 774
ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ........................... 776
قوشنىسىنىڭ قىزى ........................... 777
قايسىبىرىگە ئىشىنەي ........................... 779
كۆزۈم ئۆتكۈر ئىكەن ........................... 780
يەرنىڭ گۇناھى ........................... 781
خۇرجۇن ........................... 782
قۇل مۇھەممەد ئەزمە ........................... 783
ھېلىمۇ چىقمىغان مېنىڭ جېنىم ........................... 784
مەندىن قاچىدىغانلا ئىش بولسا ........................... 785
قېنى، ئەمدى ئېشەككە يەم ساله! ........................... 786
تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس ........................... 789
تولغاق ........................... 791
ئادەم ئاتىدىن قالغان كاللار ........................... 792

ياغلىق توقاچ ............................ 793
قورقۇش ................................. 794
ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇش.................. 795
ئاجرىشىش ............................... 796
سىزمۇ خوتۇنىڭىزدىن قورقىدىكەنسىز .......... 797
خوتۇن خەقنىڭ گېپى ....................... 799
گۆرى چوڭقۇر بولسۇن ...................... 800
غازنىڭ قالغان ـ قاتقىنى ..................... 801
چۈشنىڭ تەبىرى ........................... 803
جاھاندا يوق كۆن........................... 804
كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەت .............. 805
ئالدانغانلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ ............... 806
ھۆرۈن .................................. 808
قايسى سازنىڭ ئاۋازى ياخشى؟ ................ 809
ئادالەت ئېشى ............................. 810
موللا ئېشەك ............................. 811
ئىمتىھان ................................. 813
شەيتان ۋە هاراقكەش ....................... 815
ئىماملار ................................. 816
ئەپەندى — مەلىكۇششۇئارا .................. 817
خۇدا بەرسۇن .............................. 820
ۋەزىر ۋە ئېشەك ........................... 821
نەملىك ۋە نان............................. 822
گەپ ئۆگىتىش.............................. 823
تىللانىڭ ئاۋازى ............................ 825

مېنىڭ ئورنۇمغا قازى بولۇڭ ........................ 826
كىمنىڭ ئىچى قىزىۋاتىدىكىن ........................ 828
قىيامەت ........................................ 829
ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى ........................... 830
پادىشاھنىڭ باھاسى ................................ 831
قىرىق مېكىيانغا بىر خوراز ........................ 832
رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ئېيتاتتىم ................. 833
ھەممىمىز غەرق بولىمىز ........................... 835
ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا ....................... 836
قىيامەت قەرزى ................................... 837
نامىزىڭلار راۋا ئەمەس ............................ 838
ئالتۇن تېرىش ..................................... 839
ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ............................. 841
ساراڭنى گەپكە كۆندۈرۈش .......................... 842
خۇدامۇ ماڭا يېلىنىدىكەن - ھە! ................... 843
ئادەم بولۇشنىڭ يولى ............................. 844
ۋىجدانىڭىزنى جىڭلاپ بېقىڭ ........................ 845
يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش ........................... 846
نان دېگەن قانداق نەرسە؟ ......................... 847
قارا كۆسەي ....................................... 850
ئاق ئات بىلەن قارا ئات ........................... 851
ئوت بىلەن سۇ ..................................... 853
دوزاخ نەدە؟ ...................................... 854
گۆر كولاش ........................................ 855
ئالغاي كۆز ....................................... 856

باش جىنايەتچى ........................... 857
ئىككىنچى ياكى ئىشەك ..................... 859
دۇئا بىلەن دورا .......................... 860
غەيۋەت قىلماڭلار ......................... 861
پۇخادىن چىقىش .......................... 862
شەيتاننىڭ ئۆزى .......................... 863
راست گەپ .............................. 864
دوستۇمنىڭ سانى .......................... 866
بۆرە بىلەن يولۋاس ........................ 867
قىيىن سوئال ............................ 868
سىز ئەخمەق ............................. 871
مەكروھ ئەمەس .......................... 872
قىرىق سوئالغا بىر جاۋاب .................. 874
كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت .............. 875
جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى ...................... 876
قەدىرگە يەتسۇن دەپ ...................... 877
خالىسىڭىز ئۇڭ يېرىمىنى ئېلىڭ، خالىسىڭىز سول
يېرىمىنى ................................ 878
ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس .................. 879
بىر «ئۇھ» قا بىر «جىرىڭ» دىن ............ 880
پادىشاھنىڭ سايىسىدە ...................... 882
ئىت ئىكەن .............................. 883
كىشىنەشتىن ھاڭرىغان يامان ............... 884
يول بولسۇن ............................. 886
ئادالەتلىك ھۆكۈم ......................... 887

ئەزرائىل قورقىدۇ ........................ 889

پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ ........................ 890

پەس يەرلەرگە يىغىلىپ قالغان ........................ 891

ئىسمىڭدىن بىلدىم ........................ 892

قازىنى ئەخمەق قىلىش ........................ 893

قوش ھەق ........................ 894

بۇيرۇققا بىنائەن ........................ 895

يولدىكى گەپ ........................ 896

پۇراققا جىرىڭ ........................ 898

تەتۈر مەخلۇق ........................ 899

ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى ........................ 900

قازى ۋە ئەقىل ........................ 901

ھۇۋقۇش نېمە دەيدۇ؟ ........................ 902

پادىشاھنىڭ ئەقلى ........................ 903

نومۇسنى بىلمەيدىغان كىشى ........................ 905

ئىت يىرگەندى ........................ 906

خۇدادىن قورققۇچە قۇداڭدىن قورق ........................ 907

قازىنىڭ ئۆلپىتى ........................ 908

چۈش ........................ 909

شورپىنىڭ شورپىسى ........................ 910

جەننەت بىلەن دوزاخ ........................ 912

داۋا ........................ 913

شەھەرنى بېشىمغا كىيىمەن ........................ 914

پەرق ........................ 915

سىزدىن تەلىم ئېلىپ ........................ 916

ۋەز ........................................ 917
توخۇ ۋە ئۇرۇق .............................. 918
مەرگەن ئەپەندىم ............................ 921
دۇلدۇل ...................................... 922
ئادىل ئېشەك ................................ 924
ئەيىبنى يوشۇرۇش ............................ 925
ياغنىڭ كۇنجۇرىسى ........................... 927
ئېچىلىپ قاپتۇ ............................... 928
خىجىل بولماسلىق ئۇچۇن ...................... 929
بىلگىنىڭنى قىل .............................. 930
ئۇچ خىل مەخلۇقنىڭ ئوزۇقى .................... 931
ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئەۋزەل .................... 932
ئۇستا تېۋىپ ................................. 934
تەسەللىگە جاۋاب ............................ 935
ئېشىكىڭ بولسا ھورۇن ........................ 936
ساۋابلىق ئىش ............................... 937
ئىچىدە ماڭغان يامان ........................ 938
ئوغرىدىن سوراڭ ............................. 939
دۇئا ........................................ 940
پادىشاھ بىلەن يىپ ........................... 941
يۇزۇمنى كۆرسەتمەي .......................... 943
قازىغا لايىق جاۋاب .......................... 944
شەھەرنىڭ سارىڭى ............................ 945
ئۆتۈپ كەتكەن جازانىخور ...................... 947
سىلەردىن ئۆگەنسە بولغۇدەك ................... 948

زىندان تەكشۈرۈش ........................... 949
ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆلمەن ........................ 950
ئەپەندىم — ئىشەكىڭىزمۇ .................... 952
مىڭ لەنەت ............................... 953
كەڭ گۆر ..................................... 954
خۇشاللىق كۈن ........................... 955
ھېكمەتلىك سۆز ........................... 956
باغاق..................................................... 958
راست بىلەن يالغان ........................... 959
سېنى قانغا بۇلغىۋېتىدۇ ....................... 960
ئاغىنىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس
........................................................ 961
چىۋىن ......................................... 962
مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى ..................... 963
پۇلىڭىزنى ھازىر ئېلىۋېلىڭ ....................... 964
لوڭقىنىڭ توغرا سىغىمى........................... 965
ھەقىقەتنىڭ بەدىلى ............................ 966
ئېشەك بىلەن تاغار ............................ 967
ئىككىلا ئاي ياخشى ........................... 968
مەسىلەن ..................................... 969
ئۆسەك گەپ................................... 970
راست گەپ ئېغىر ........................... 971

# ئالتۇن ئۇزۇك

ئەپەندىم خوتۇنىدىن بەك قورقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بازاردا بىرمۇنچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ. بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— سىز خوتۇنىڭىزدىن قورقامسىز؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

— ئوغۇل بالا دېگەن خوتۇنىدىن قورقامدىكەن؟ مەن بىر دېسەم، خوتۇنۇم ئىككى دېيەلمەيدۇ. خوتۇنۇمغا چىشىنى ئال دېسەم، ھەرگىز تەخسىنى ئالمايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

بۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى نەدىندۇر پەيدا بولۇپ، ئاستا كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋاپتۇ.

— ئەپەندىم، ئارقىڭىزدا تۇرغان كىم؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى.

ئەپەندىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ خوتۇنىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ:

— خېنىم، مەن ئۇلارغا سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، ساڭا بىر ئالتۇن ئۇزۇك ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى دەپ بېرىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ھىندىستاننىڭ تەرخەمىكى

ئەپەندىم ھىندىستانغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندە بىر-نەچچە ئاغىنىسى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئاغىنىلىرىنى كۆرۈپلا، ھىندىستاندا كۆرگەن - بىلگەن-لىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ. سۆزلە - سۆزلە پو ئاتقىلى باشلاپتۇ:

— مەن ھىندىستاندا شۇنداق بىر تەرخەمەكنى كۆردۈمكى، چوڭلۇقى تاغدەك بار.

ئەپەندىمنىڭ پو ئېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئاغىنى-لىرى ئەپەندىمگە شۇنداق دەپتۇ:

— سىز ھىندىستانغا كەتكەندىن كېيىن بىز يۇرتى-مىزغا بىر كۆۋرۈك سالدۇق، بۇ خىسلەتلىك بىر كۆۋ-رۈك بولدى.

— ئۇ كۆۋرۈكنىڭ قانداق خىسلىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بۇ كۆۋرۈك يالغان گەپ قىلغان ئادەمنى قى-سىپلا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، — دەپتۇ ئاغىنىلىرى.

— ئەگەر بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمىسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇ بىردىنبىر كۆۋرۈك، مەھەللىگە كىرىشتە مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. قاراڭ

ئەنە، كۆۋرۈككە كىلىپ قالدۇق! — دەپتۇ ئاغىنىلىرى.

ئەپەندىم راست ئوخشايدۇ دەپ گەپنى ئۆزگەرتىپ:

— مەن دېگەن تەرخەمەك تاغدەك يوغان بولمىسىمۇ ئۆيدەك بار، — دەپتۇ.

بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئەپەندىم يەنە:

— ئۇ تەرخەمەك ئۆيدەك يوغان بولمىسىمۇ، ئىچىگە بىر ئادەم پاتىدۇ، — دەپتۇ.

— مەيلى ئۇ تەرخەمەك قانچىلىك يوغان بولسۇن، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، كۆۋرۈك ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپتۇ ئاغىنىلىرى.

ئۇلار يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كۆۋرۈككە يېقىنلا قاپتۇ. ئەپەندىم يەنە:

— راستىنى ئېيتقاندا بۇ تەرخەمەكمۇ يۇرتىمىزنىڭكىچىلىكلا بار، بەزىلىرى تېخى يۇرتىمىزنىڭكىدىنمۇ كىچىك، — دەپتۇ.

ئاغىنىلىرى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

(ئىران)

# چىۋىن

جەڭدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن بىر چېرىك چايخا-
نىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پو ئاتقىلى تۇرۇپتۇ:
— بىر كۈنى جەڭ مەيدانىدا مەن بىر قېتىمدىلا
ئالتە دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم، — دەپتۇ چېرىك.
ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار چاۋاك چېلىشىپ كېتىپتۇ.
— ئەگەر سىز بولغان بولسىڭىز ئەپەندىم، —
دەپتۇ چاقچاقچى بىرى، — ئالتىنى ئەمەس، بىرىنىمۇ
ئاتالمايتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟
— ناتايىن، — دەپتۇ ئەپەندىم كۈلۈپ قويۇپ، —
مەن سىلەرگە ئەينەن بولغان بىر ئىشنى دەپ بېرەي.
— بولىدۇ، قېنى، دەپ بېرىڭ، ئەمما پو ئاتماڭ.
— ئۇنداق بولسا قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ-
لار، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ئەپەندىم چايدىن بىر
ئوتلاپ، — ئۇ كۈنى قارا چۈمۈلىدەك بېسىپ كەلگەن
بىر سۈرۈك دۈشمەن كىچىك بىر چوققىغا ھۇجۇم باش-
لىدى، مەن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، شۇنداق بىر
شاپىلاقلىۋىدىم، ئون نەچچە دۈشمەن شۇ يەردىلا جېنى-
دىن جۇدا بولدى.
— ئەپەندىم، سىز يەنە پو ئاتقىلى تۇردىڭىز، —

دەپتۇ بىرى.

— ياق، مەن بولغان ئىشنى دەۋاتىمەن، پو ئەمەس.

— قولنى شاپىلاقلاپ قويغانغا ئون نەچچە دۈشمەن ئۆلۈپ كېتەمدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە بىرى.

— نېمىشقا ئۆلمەيدىكەن، بەرھەق! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق دۈشمەنلەر ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى.

— ئون نەچچە قارا چىۋىن ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئافغان)**



# زادى ئاڭلاپ باقمىغان ئىش

بىر كۈنى، پادىشاھ زېرىكىپ قېلىپ ئەپەندىمگە:
— ئەگەر سىز ماڭا مەن زادى ئاڭلاپ باقمىغان يالغان گەپتىن بىرنىلا دەپ بەرسىڭىز سىزنى يۈز تىللا بىلەن تارتۇقلايمەن، — دەپتۇ.
— خوپ، گېپىمىز گەپ ئەمىسە! — دەپتۇ ئەپەندىم، ئارقىدىنلا يالغان سۆزلىگىلى باشلاپتۇ:
— بۇرۇنىسىدا مېنىڭ بىر قېچىرىم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. مەن تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەپ ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بازاردىن يوغان بىر تاۋۇزنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكېلىپ تىلسام، ھېلىقى قېچىپ كەتكەن قېچىرىم تاۋۇزنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ خانىش ئايىمنىڭ كەشىنى ياماۋېتىپتۇ.
پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:
— بۇنداق يالغان گەپلەرنى مەن كۆپ ئاڭلىغان، بۇ يېڭى گەپ ئەمەس. ئۆزىڭىزنىڭ خوتۇنىنى خانىش ئايىم دەۋېلىۋاتىسىز، — دەپتۇ.

ئەپەندىم يەنە يېڭىدىن يالغان گەپ توقۇغىلى باشلا-
پتۇ:

— بىر كۈنى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دادام ئىككى-
مىز بىر كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزدا كېتىپ باراتتۇق،
توساتتىن دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كېمىسىگە ئۇچراپ
قالدۇق. دېڭىز قاراقچىلىرى بىزنى قوغلىشىپ كەل-
دى. مەن كېمىنىڭ رولىنى «شارتتىدە» بۇراپ، كې-
مىنى يوغان بىر لەھەڭنىڭ قورسىقىغا ھەيدەپ كىرىپ
كەتتىم. قاراقچىلارنىڭ كېمىسىمۇ بىزنى قوغلىشىپ
لەھەڭنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەلدى. مەن لەھەڭگە
ئاستا شىۋىرلاپ: «بىزنىڭ كېمىمىز بەك چوڭ كېمە،
سىز ھەزىم قىلالمايسىز. قاراقچىلارنىڭ كېمىسى كى-
چىك، ئۇنى گەپ - سۆز يوق ھەزىم قىلىپ كېتەلەي-
سىز» دېدىم. لەھەڭ مېنىڭ گېپىمنى ئورۇنلۇق دەپ،
قاراقچىلارنىڭ كېمىسىنى يۇتۇپ كېتىپ، بىزنىڭ كې-
مىمىزنى پۈركۈپ چىقىرىۋەتتى.

— بۇنداق پو گەپلەرنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان، سىز
مەن زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان گەپتىن بىرنى دەپ
بېرىڭ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— خوپ ئەمىسە، سىزگە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن
بىر ئىشنى دەپ بېرەي. بىر كۈنى، مەن بوۋامدىن
قالغان بىر كىتابنىڭ ئىچىدىن بىر ھۆججەتنى تېپىۋال-
دىم. ھۆججەتنى سىزنىڭ مەرھۇم ئاتىڭىز ئۆز قولى
بىلەن يېزىپتىكەن. مەرھۇم ئاتىڭىز بوۋامدىن ئون مىڭ
سەر كۈمۈش تەڭگە ئۆتنە ئاپتىكەن. بۇ پۇلنى قايتۇ-

روْش ئەمدى سىزنىڭ گەدىنىڭىزدىكى قەرز بولۇپ قاپ-
تۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم قىلچە تەمتىرىمەي.

— ئەپەندىم، سىز ئالجىپ قاپسىز! مەن زادى
مۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان، — دەپتۇ پادىشاھ
غەزەپ بىلەن.

— ھەببەللى، مانا مەن سىزگە سىز زادى ئاڭلاپ
باقمىغان گەپتىن بىرنى قىلدىم. قېنى، مېنى يۈز
تىللايىڭىز بىلەن تارتۇقلىماسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم
كۈلۈپ.

(ئۇيغۇر)

# بۇ مۇمكىن ئەمەس

بىر كۈنى، ئەمدىلا بىر جەڭدىن قايتىپ كەلگەن بىر ئەسكەر چايخانىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختاپ بېرىپتۇ. ئاڭلىغۇچىلار ھەيران - ھەس قاپتۇ.

— ئاللا نۇسرەت بەردىمۇ نېمە، ئۇ كۈنى مەن ئىككى بىسلىق ئۆتكۈر قىلىچىمنى ئوينىتىپ دۈشمەن توپىغا ئېتىلىپ كىردىم - دە، خۇددى ئوتنى چاپقاندەك، قىلىچىمنى ئىككى تەرەپكە شارتىلدىتىپ دۈشمەننى شۇنداق چاپقىلى تۇرۇپتىمەنكى، بىر ئاش پىشىمىنىڭ ئارىلىقىدا يۈز دۈشمەننى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتىمەن.

ئەپەندىم ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپلا سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— مەن قاتناشقان جەڭ قالتىس بىر جەڭ بولدى. ئۇ كۈنى مەن بىرىنچى بولۇپ دۈشمەننىڭ توپىغا كىردىم - دە، شارتىلدىتىپ چېپىپ، ھەممە دۈشمەننىڭ پۇتىنى قويماي چېپىپ تاشلاپتىمەن.

— دۈشمەننىڭ كاللىسىنى چاپماي، پۇتىنى چاپقىنىڭىز نېمىسى ئەپەندىم؟ — دەپتۇ بىرى.

— بۇمۇ ئىلاجسىزلىقتىن بولدى، — دەپتۇ ئەپەن-
دىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — شۇنى بىلىپ قويساڭلار
بولىدۇكى، مېنىڭ ئالدىمدا كەلگەنلەر دۇشمەنىنىڭ كال-
لىسىنى قويماي چېپىپ تاشلاپتۇ ئەمەسمۇ.

(تۈرك)



# زەمزەم

بىرى ئەپەندىمدىن:
— سىز ھەجگە بارغانمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
— ئەلۋەتتە، مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغان-
مەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— ئۇنداق بولسا سىزنى «ھاجى» دېسەك بولغۇ-
دەك! — دەپتۇ ئۇ كىشى.
— ئەلۋەتتە - دە! — دەپتۇ ئەپەندىم ئويلاپ ئول-
تۇرماي.
— ئەگەر ھەجگە بارغان بولسىڭىز، ئېيتىڭە،
زەمزەم قۇدۇقى كەبىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىمۇ، سول
تەرىپىدىمۇ؟
— مەن ھەجگە بارغاندا، بىر توپ ئەرەب «زەمزەم
قۇدۇقىنى نەدىن كولىساق بولاركىن» دەپ جاي ئىزدەپ
يۈرگەنىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# توخۇ بىلەن ئۆچكىنىڭ كارامىتى

بىر پوچى ئەپەندىمگە دەپتۇ:

— مەن باققان توخۇلار شۇنداق يامان چىقتىكى، ئايھاي، دەپ بەرسەم تاڭ قالىسىز. بىر كېچىسى بۇ توخۇلار ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى بىر - بىردىن چوقۇپ چۇشۇرۇۋاپتۇ. كېيىن قارىسام، ئۇلار يۇخادىن چىقماي، ئاسماندىكى ئاينىمۇ چوقۇپ چۇشۇرۇۋېلىپ، كوچىدا دومىلىتىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ مەن بىرنەچچە ئۆچكە باققانىدىم، بۇ ئۆچكىلەرنىڭ قانداق يامانلىقىنى بىلەمسىز؟ بىر كۈنى، بۇ ئۆچكىلەر ئۆيدە-مىزنىڭ ئالدىدىكى كۆلنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئاسمانغا ئېسىپ قويۇپتۇ. كېيىن، مەن يەردە تۇرۇپ ئاسماندا ئېسىقلىق تۇرغان كۆلگە قارىسام، كۆلدىكى بېلىقلار قورققىنىدىن بىر - بىرلەپ يەرگە سەكرەپ چۇشۇپ ھەدەپ جان تالىشىۋېتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پوچى گەپ قىلالماي قاپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئەپەندىم ۋە قاراقچى

بىر كېچىسى ئەپەندىم ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئىككى قاراقچىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئەپەندىمدىن ھېچ نەرسە ئۈندۈرەلمىگەن قاراقچىلار ئەپەندىمنى راسا ئۇرۇپ قويۇپ بېرىپتۇ ھەم ئوغرىلىقچە ئەپەندىمگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگىچە كەپتۇ ـ دە، ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، تۈڭلۈكتىن ئەپەندىمنىڭ خوتۇنىغا نېمىدەپ بېرىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سېپتۇ.

— بايا ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسام، يولدا يۈزلىرىنى پۈركىۋالغان سەككىز قاراقچى توساتتىن چىقىپ ئالدىمنى توسۇۋالدى، نەدىن كەلدى بۇ كۈچ ماڭا، ئىككىسىنى ئىككى تېپىپ بىلەن دومىلىتىۋېتىپتىمەن. ئىككىسىنى مۇشتۇمۇم بىلەن جالاقلىتىپ ساپتىكەنمەن، ئاڭداق يەرگە دۈملا چۈشتى. ئاندىن يەنە ئىككىسىنى كاللام بىلەن راسا بىر ئۈسسۈۋىدىم، دەرەخكە لايدەكلا چاپلىشىپ قالدى. قالغان ئىككىسى قورققىنىدىن قاچماقچى بولىۋېدى، ئۇلارنى خۇددى سار چۈجىنى قامالىغاندەك گەجگىسىدىن ئالدىم ـ دە، بوينىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ بەرسەم، سېنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ ئوينىسۇن دەپ ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئىشىك تۈۋىگە كەل-


گەندە يەنىلا رەھىمىم تۇتۇپ كېتىپ قويۇپ بەردىم.

تۇڭلۇكتىن تىڭشاپ تۇرغان ئىككى قاراقچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— ھەي ئەپەندىم، پو دېگەننىمۇ لايىغىدا ئاتقان ياخشى، پاختىڭىز ئۇچۇپ كەتمىسۇن بىكار، — دەپتۇ.

— يولۇڭغا مېڭىش، ئۆز ئۆيۈمدىمۇ پو ئاتقىلى قويۇشمامسىلەر ئەمدى! — دەپتۇ ئەپەندىم خاپا بولۇپ.

(ئۆزبېك)



# گەپ يورغىلىتىش

بىر خوتۇن ئەپەندىمگە پال ئاچقۇزۇپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئالىقىنىغا قاراپ:

— خانىم، ئالىقىنىڭىزدىكى سىزىقچىلاردىن قارىغاندا، سىز ئۈچ قىزلىق بولغۇدەكسىز، يەنە··· ، — دەۋاتقاندا:

— ئەپەندىم، — دەپتۇ خوتۇن خاپا بولغاندەك قىلىپ، — مېنىڭ هازىر بەش قىزىم بار!

— خانىم، ئالدىرىماڭ، مەن تېخى سول ئالىقىنىڭىزنى كۆرمىدىمغۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم گەپ يورغىلىتىپ.

(ئىران)

# ياۋا ئاتنى كۆندۈرۈش

كىشىلەر ئات بەيگىسى بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ئۇستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىمۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن بۇ پاراڭغا ئارىلىشىپتۇ.

— بىر كۈنى، — دەپتۇ ئەپەندىم خۇددى راستىنتى-كىدەك، — پادىشاھنىڭ غوجىدارى: «قېنى، قايسىڭ چەۋەنداز بولساڭ، سىناپ بېقىش» دەپ بىر ياۋا ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. بىر ئۇستا چەۋەنداز ئۆزىنى كۆرسەت-مەكچى بولۇپ ئاتقا مىنمەكچى بولدى. چەۋەنداز ئاتقا مىنە - مىنمەيلا ئات دوڭغالچاقلاپ، چەۋەندازنى يەرگە ئېتىپ تاشلىدى. يەنە بىر ياش چەۋەنداز تەلەي سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئاتقا ئەمدىلا ئارتىلىۋىدى، بۇ ياۋا جانىۋار يەنە دوڭغالچاقلاپ، ئۇنى يەرگە تاشلاپ، چەي-لەپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. كېيىن، ھېچكىم بۇ ئاتقا يېقىن كېلەلمىدى. غوجىدار: «يەنە قايسىڭ سىناپ باقىسەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن سىناپ باقاي! دېدىم. مەن مەردانىلىك بىلەن ئاتنىڭ قېشىغا باردىم. يەڭلىرىمنى شىمايلاپ، پەشلىرىمنى قايرىپ، لىككىدە ئاتنىڭ ئۇستىگە چىقتىم - دە، مىختەك ئول-تۇردۇم. ئات سەكرىسىمۇ، چاپسىمۇ، دوڭغالچاقلىسى-

مۇ، قىمىرلىماي ئولتۇردۇم…

ئەپەندىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھېلىقى غوجىدار كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىم دەرھال گېپىنى ئۆز- گەرتىپ:

— شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ياۋا ئات ئون قەدەم يەرگە بارمايلا مەنمۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈش- تۈم، — دەپتۇ.

**(تۈرك)**

# سازەندە

سازەندىلەر پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىرى ئەپەندىمدىن:
— سىز ھەممىدىن قايسى سازنى ياخشى چالىدىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مېنىڭ دادام كاتتا سازەندە ئىدى، مەن ھەممە سازنى چالالايمەن، ئەمما سازنىڭ پەدىسىنى بېسىش بىلەن خۇشۇم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# قازى ئېشەك

ئەپەندىم ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ ئىزدەپ يۈرگىنىدە، بىر تونۇشى چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندىم، ئاڭلىسام ئېشىكىڭىز پالانى شەھەردە قازى بوپتۇمىشقۇ! — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق بولار دەپ ئويلىۋىدىم. مەن ھەمىشە قازىلىق ئۈستىدە گەپ قىلسام، ئېشىكىم دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بەيگە ئۆكۈز

بىر كۈنى، پادىشاھ بەيگە ئېلان قىلىپ، يۈگۈرۈك ئاتلارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ھەممە كىشى بىر - بىردىن نوچى يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى تەييارلاپ، بەيگە مەيدانىغا ئەكېلىپتۇ. ئەپەندىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر قېرى ئۆكۈزنى مىنىپ مەيدانغا كەپتۇ، بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق؟ ئات بەيگىسىگە ئۆ-كۈز مىنىپ كەپسىزغۇ! — دەپ كايىپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — سىلىگە ھۆددە قىلىمەنكى، بۇ ئۆكۈز جانابلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىدۇ. نېمىشقا دېسىلە، بۇ ئۆكۈز موزاي ۋاقتىدا ئارقان ئۈزۈپ قېچىپ كەتسە، ئات بىلەن قوغلاپمۇ يەتكىلى بولمايتتى. ئەمدىلىكتە ئۆچىدىغان بولۇپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس.

(قىرغىز)

# ئىشنى بۇزدى

ئەپەندىم قوقانغا بارغىنىدا بىر بۇخارالىق بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇخارالىق ئۆز شەھىرىنى ماختاپ كېتىپتۇ:

— بىزنىڭ شەھەردىكى مەدرىسلەرنىڭ ئىككى - ئۈچ يۈزدىن ھۇجرىسى بار. ئېگىزلىكى بىر مىڭ گەز، كەڭلىكى ئىككى مىڭ گەز...

ئەپەندىمۇ سەمەرقەندنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— سەمەرقەندنى كۆرمىگەنىكەنسىز، بىر مەدرىسە باركى، ئېگىزلىكى بەش مىڭ گەز...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەمەرقەندتىن كەلگەن بىر ئادەم كېلىپ قاپتۇ، ئەپەندىم سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— كەڭلىكى ئەللىك گەز، — دەپتۇ.

بۇخارالىق ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئېگىزلىكى بەش مىڭ گەز، كەڭلىكى ئەللىك گەز، بۇ قانداق مەدرىسە؟

— كەڭلىكىنى ئېگىزلىكىگە توغرىلايمەن دەپ تۇرغىنىمدا سەمەرقەندلىك كېلىپ ئىشنى بۇزدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# سەكسەن بۆرە

بىر كۈنى، ئەپەندىم بازاردىكى بىكارچىلارنىڭ پا-رىڭىغا قېتىلىپ قاپتۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئاجايىپ - غارايىپلار-دىن پو ئېتىشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىممۇ جىم ئولتۇرغۇسى كەلمەي سۆز باشلاپتۇ:

— ئاخشام مەنمۇ قالتىس بىر ئىش كۆردۈم. ئې-تىزدىن قايتىپ كېلىۋاتسام، جۇمەباينىڭ قوناقلىقىدا سەكسەن بۆرە يۈرۈپتۇ...

— قويۇڭ ئەپەندىم، سەكسەن بۆرە دېگەن قوناق-لىقنى چەيلەپ تۈگەتمەمدۇ! — دەپتۇ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى.

— توختاپ تۇر، سەكسەن بولمىسىمۇ قىرىقچە بار... قىرىق بۆرە بىر بولۇپ...

— ھەي، قىرىق بۆرىمۇ بىللە يۈرگەن نەدە بار؟

— ئەزمە ئادەم ئىكەنسىلەر، — دەپتۇ ئەپەن-دىم، — قىرىققا ئىشەنمىسەڭلار يىگىرمە بۆرىگىمۇ ئى-شىنەرسىلەر، قوناقلىقتىكى بۆرە چوقۇم يىگىرمە چىقىدۇ...

ئاڭلىغۇچىلار يەنە ئەپەندىمنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— بۆرە دېگەن تاغدا بولماي قوناقلىقتا نېمە ئىش قىلسۇن!

— ئىشەنسەڭ ئىشەن، ئىشەنمىسەڭ قوي! — دەپتۇ ئەپەندىم ئاچچىق بىلەن، — ئەيتاۋۇر، قوناقلىقتىن شالدىرلىغان ئاۋاز چىققانىدى، بۆرە بولمىسا ئىتتۇر...

(ئۇيغۇر)



# نەدىن بىلىسلەر

ئەپەندىم باللار ئارىسىدا ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

— ياش ۋاقتىمدا قالتىس چەۋەنداز ئىدىم. بىر كۈنى سىپلىم بەگنىڭ هويلىسىغا كىرسەم، بىر توسۇن ئات هويلىدا قېچىپ يۈرۈپتۇ. هېچكىم يېنىغا كېلەلمەپتۇ، يا يۈگەن سالدۇرماپتۇ، يا توقۇم. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلىقىدىن تولغاپ سەكرەپلا مىنىۋالدىم. خۇدايىم بار، ئات ئېلىپ قاچماسمۇ، مەنمۇ يالىدىن مەهكەم تۇتۇپ سالجىدەك چاپلىشىپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا قارىسام، ئىككى تېرەك بويى كېلىدىغان يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قاپتىمەن. ئۇزەڭگىگە تېپىپ تۇرۇپ، تىزگىنىنى بىر تارتىپتىكەنمەن، ئات شىپپىدە توختىدى. بولمىسا ئۆزىنى ياردىن تاشلىۋېتەتتى...

باللاردىن بىرى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، هازىرلا يۈگەنسىز ياۋىداق ئات دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— هوي، ئۇ چاغلاردا سىلەر تېخى تۇغۇلمىغان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — يۈگەن - توقۇملۇق ئاتمۇ، ياۋىداق ئاتمۇ نەدىن بىلىسلەر!

(ئۇيغۇر)

# ياش چېغىمدىكىگە ئوخشاش

ئەپەندىم يەتمىش ياشتىن ھالقىپ قاپتۇ. بىر كۈنى قېرىلىقىغا تەن بەرمەي، ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ـ دە، ھويلىدىكى يوغان بىر تاشنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ كۈچەپ بېقىپتۇ. ئەمما بېلى قايرىلىپ، دېمى سىقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەپەندىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

نۇرغۇن دوست ـ ئاغىنىلىرى ئەپەندىمنى يوقلاپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ:

— كۆڭلۈڭلەرنى يېرىم قىلماڭلار، مەن ياش چېغىمدىكىگە ئوخشاش تۇرۇپتىمەن، ماغدۇرۇمدىن كەتكىنىم يوق، — دەپتۇ.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ — دەپتۇ دوست ـ ئاغىنىلىرى.

— ئۆيىمىزدىكى ھېلىقى يوغان تاشنى ياش چېغىمدا كۆتۈرۈپ باققان، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆتۈرەلمىگەن. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، بىر سىناپ باقاي دەپ ئۇرۇنۇپ باقتىم، ئەمما يەنىلا كۆتۈرەلمىدىم. دېمەك، مېنىڭ ماغدۇرۇم ياش چېغىمدىكىگە ئوخشاش تۇرغان گەپ دەڭلار، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# ئالمىنىڭ يوغانلىقى

كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئۈستىدە ماختىنىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشى ئۈستىگە ئەپەندىم كېلىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇمۇ ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

— پاھ، بىز كۆرگەن ئالمۇتايارنىڭ ئالمىسىنى بىر دېمەڭ، لاپ گەپ ئەمەس، ھەربىرى يەتتە ـ سەككىز جىڭ چىقىدۇ...

ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇشۇپتۇ:

— ئېغىرلىقى شۇنچىلىك بولسا، يوغانلىقى قانچىلىكتۇ؟

ئەپەندىم جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئالمۇتايارلىق بىرى كېلىپ قاپتۇ.

— يوغانلىقىمۇ چاغلىق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مۇشتۇمدەك چىقىدۇ.

ئاڭلىغانلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ئېغىرلىقى يەتتە ـ سەككىز جىڭ كەلسە، ئۆزى مۇشتۇمدەك بولسا، قانداق ئالما ئۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر بۇ ئالمۇتايارلىق بۇرادەر كېلىپ قالمىغان بولسا، يوغانلىقىمۇ تاۋۇزچىلىق بولاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# شوتا

بىر گەپچى ئادەم ئەپەندىمنى كولدۇرلاتماقچى بو-
لۇپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، ئاسماندا ئاتا - بوۋىلىرىمدىن قالغان
بىر پارچە يېرىم بار ئىدى، ئۇ يەرگە مېۋە كۆچىتى
تىككەنىدىم، ئەمما بۇ كۆچەتلەرنى سۇغىرىش ئۇچۇن سۇ
ئاچىققىلى بولمايدىكەن، سىزچە قانداق قىلسام بولىدۇ؟
— تازا ئەخمەق ئىكەنسىز، سىز ئۇزۇن بىر شوتا
هازىرلىسىڭىز، سۇ ئەنە شۇ شوتا بىلەن ئاسمانغا چىقى-
مامدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كاۋىغا لايىق قازان

ئەپەندىم بىر يېزىغا بارغانىكەن، ئۇ يېزىدىكى كىشىلەر ئەپەندىمگە:

— بۇ يىل بىزنىڭ زىرائەتلىرىمىز شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، ھەربىر كاۋىمىز بىر هارۋىغا پاتمايدۇ، — دەپ ماختىنىشقا باشلاپتۇ.

ئەپەندىممۇ بوش كەلمەي:

— بىزنىڭ شەھىرىنىڭ مىسكەرلىرى شۇنداق ئۇستا بولۇپ كەتتىكى، بۇ يىل ئۆيدەك، سارايدەك قازانلارنى ياسىۋەتتى، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، شۇنداقمۇ چوڭ قازان بولامدۇ؟ — دەپ سوراشىپتۇ كىشىلەر.

— ھەي ئەخمەقلەر، ئۇنداق چوڭ قازان بولمىسا، سىلەرنىڭ كاۋاڭلارنى نېمىدە پىشۇرىدۇ. كاۋىغا لايىق قازان - دە ئۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# سىز يەنە قانچە يىل ئۆمۈر كۆرەرسىز

ئەپەندىم قېرىپ قالغانىكەن. بىر كىشى ئۇنىڭ-
دىن :

— چامىڭىزچە، سىز يەنە قانچە يىل ئۆمۈر كۆرەر-
سىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ ئادەمنىڭ سوئالىغا ئەپەندىم مۇنداق دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ :

— چامىمچە، ئونىنچى ئەۋلادىڭىزنى كۆرگەندىن
كېيىن ئاندىن كۆزۈم يۇمۇلارمىكىن.

(ئۆزبېك)

# لاپ

تېمۇرلەڭنىڭ ئوردىسىدا سەركەردىلەر پاراڭلى-
شىپ ئولتۇرۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى توغرى-
سىدا لاپ ئېتىۋاتقانىكەن، بىر ماختانچاق سەركەردىگە
نۆۋەت كەپتۇ:

— ئىستانبۇلدىكى ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدى-
كى، — دەپتۇ ئۇ، — ئوق خۇددى يامغۇردەك يېغىۋا-
تاتتى، دۈشمەن بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ قىلىچ ئاستى-
دا قالدىم، كاللام ئۈزۈلۈپ كېتىپ بوينۇمنىڭ تېرىسى-
گە ئىلىنىپ قاپتۇ...

پاراڭدا ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. ئۇ:

— ھېلىغۇ سىزنىڭ بېشىڭىز بوينىڭىزنىڭ تېرى-
سىگە ئىلىنىپ قاپتۇ، مېنىڭ بېشىم يەلكەمدىن چۈ-
شۈپ ئۈچ - تۆت قېتىم دومىلاپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي
ئۇرۇشىۋەردىم...، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# جاسارەت

زالىم پادىشاھ بىر كۈنى ئەپەندىمنى دەرەخكە باغ-لىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىپتۇ. ئوق ئەپەندىمنىڭ ئىككى يېڭنى، يەلكىسىنى، بېشىنى يالاپ ئۆتۈپ، كۆڭلىكىنى، بۆكىنى ئۆتمىتۆ-شۈك قىلىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ جاسارىتىگە تەن بېرىپ، ئۇ-نىڭغا يېڭى كۆڭلەك، يېڭى بۆك ھەدىيە قىپتۇ.

— بىر تال يېڭى ئىشتانمۇ بۇيرۇڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ پادىشاھ، — ئىشتىنىڭىزغا ئوق تەگكىنى يوققۇ؟

— تەگكەن بولسا كېرەك، بۇرۇن بۇنداق ئېغىر ئەمەس ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# كەمتەر پەيغەمبەر

ئەپەندىم كىشىلەرگە:

— ماڭا خۇدادىن ۋەھيي كەلدى، پەيغەمبەر بولدۇم. ئىشەنمىسەڭلار مۆجىزە كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ.

توپلانغان كىشىلەردىن بىرى:

— قېنى، مۆجىزە كۆرسەتسىڭىز ئاۋۇ يوغان تېرەكنى «سۇف» دەپ ئالدىڭىزغا كەلتۇرۇپ بېقىڭە! — دەپتۇ.

ئەپەندىم بىلگەن ئايەتلىرىنى پىچىرلاپ «سۇف» دەپتىكەن، دەرەخ ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. ئەپەندىم دەررۇ دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ـ دە:

— مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كەمتىرى، دەرەخ كەلمىسە، خاپا بولماستىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۆلۈك

ئەپەندىم ياڭاقنىڭ شېخىغا چىقىۋېلىپ، شاخنىڭ تۈۋىنى پالتا بىلەن چاپقىلى تۇرۇپتۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، يىقىلىپ چۈشىسىز، بېرىقى شاختا تۇرۇپ چېپىڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، پالتا بىلەن چېپىۋېرىپتۇ. شاخ ئۈزۈلۈپ، ئەپەندىممۇ تەڭ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ:

— سەن خىزىر ئىكەنسەن! — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ، — يىقىلىشىمنى بىلدىڭ، ئەمدى قاچان ئۆلۈشۈمنىمۇ ئېيتىپ بېرىسەن!

ئۇ كىشى بىلمەيمەن دەپ ھەرقانچە دەپ باقسىمۇ، ئەپەندىم ئۇنىمىغاندىن كېيىن:

— مەيلى، ئېيتىپ بېرەي، ئېشىكىڭىز ئۈچ قېتىم پۇتلاشقاندىن كېيىن ئۆلىسىز، — دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ يۈرىكى پۇلاڭلاپ كېتىپتۇ. ئېشىكىگە مىنىپ يولغا مېڭىپتۇ.

ئېشەك ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى قېتىم پۇتلى-

شىپتۇ. ئەپەندىم جىنىنى قولتۇقلاپ كىتىۋاتقىنىدا، كونىراپ كەتكەن بىر كۆۋرۈككە كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭـ دىن ئۆتىۋاتقاندا ئىشەك يەنە پۇتلىشىپ كىتىپتۇ. ئەـ پەندىم «ۋاي ئۆلدۇم!» دەپ ئۆزىنى تاشلاپتۇ.

شۇ چاغدا بىر هارۋا كېلىپ قاپتۇ. هارۋىكەش كۆۋرۈك ئۈستىدە ياتقان ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— تۇر ئورنىڭدىن، هەي ياتقان كىم سەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم ئۈنچىقماي يىتىۋېرىپتۇ.

— تۇر دەيمەن هوي!

ئەپەندىم ئۈنچىقماي يىتىۋېرىپتىكەن، هارۋىكەش هارۋىدىن چۈشۈپ ئەپەندىمنى نوقۇپتۇ.

— ئۆلۈكمىسەن، تىرىكمىسەن؟ تۇرساڭچۇ!

— ئۆلۈكمەن...، — دەپ كۆزىنى ئاچماي جاۋاب بىرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۆلۈك بولساڭ گۆرىستانغا بار! — هارۋىكەش ئەپەندىمنى قامچىلاشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم قامچىنىڭ زەربىسىگە چىدىماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ هارۋىـ كەشكە يالۋۇرۇپتۇ:

— جان بۇرادەر، قامچىڭىزنى ماڭا سېتىڭ! ئۆـ لۈكنى تىرىلدۈرىدىغان خاسىيەتلىك قامچا ئىكەن...

— پۇلغا ساتمايمەن، — دەپتۇ هارۋىكەش، — تېگىشىمەن.

— مەيلى بولمىسا، ئىشىكىمنى ئېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ھارۋىكەش ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىنى ئېلىپ قامچى-
سىنى بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.
ئەپەندىم قامچىنى ئوينىتىپ، مەيدىسىنى كېرىپ
كوچىدا كېتىۋاتسا، بىر ھويلىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنى-
ۋاتقۇدەك، ئىشىك ئالدىدا بىرمۇنچە ئادەم توپلىشىپ
تۇرغانىكەن. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— نېمە بولاتتى! بىر ئاغرىق كىشى ۋاپات
بولدى، — دەپتۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلاردىن بىرى.
— قاچان؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.
— ئەتىگەن، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.
— ئۇنداق بولسا مەن تىرىلدۈرىمەن، — دەپتۇ
ئەپەندىم.
ئۆلۈكنىڭ ئىگىسى ئەپەندىمنى دەررۇ ئۆيگە ئەكى-
رىپتۇ. ئەپەندىم ئۆلۈكنى بىر - ئىككى قامچا ئۇرۇپ-
تۇ، ئۆلۈك تىرىلمەپتۇ. ئەپەندىم ئاچچىقى كېلىپ
شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، ئۆلۈكنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ
كېتىپتۇ. ئۆلۈك يەنىلا تىرىلمەپتۇ. ھازىدارلار ئەپەن-
دىمنى ئۇرماقچى بوپتۇ.
— توختاڭلار! — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەيىب ئۆ-
زۈڭلاردا، بىچارىنىڭ جېنىغا تەگكەن بولساڭلار كې-
رەك، «يەنە شۇلارنىڭ يۈزىگە قارايمەنمۇ» دەپ تىرىل-
گۈسى كەلمەيۋاتىدۇ.

(ئۆزبېك)

# چىراغنىڭ پايدىسى

ئەپەندىمنىڭ كۆزى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چايخانىدا پو ئېتىپ:

— ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدا ھەرقانداق نەرسىنى ئوپئوچۇق كۆرەلەيمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا كېچىدە ھەمىشە چىراغ كۆتۈرۈپ كوچىدىن ئۆتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەر كۈلۈپ.

— ئەھ، ئۇ دېگەن كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرنى ماڭا سوقۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ چىراغ كۆتۈرۈۋالغىنىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# كۆڭۈللۈك تۆرمۆش

بىر كۈنى ئەپەندىم كېتىۋاتسا، يول بويىدا غەم بېسىپ ئولتۇرغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— سىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ياق، تۇرمۇشۇمنىڭ ھېچبىر مەنىسى قالمىدى. مېنىڭ پۇلۇم كۆپ، تىرىكچىلىق قىلمىساممۇ، ئىشلىمىسەممۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىراق، مەن بۇ تۇرمۇشتىن زېرىكىپ كۆڭۈللۈك بىر تۇرمۇشنى ئىزدەپ سىرتقا چىققانىدىم. ئۇنى تاپالامدىمەن، تاپالمامدىمەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئۇ ئادەم مەيۈسلىنىپ.

ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ لام - جىم دېمەستىن ئۇنىڭ خۇرجۇنىنى ئېلىپ بەدەر قېچىپتۇ. تۇيۇقسىز بۇلانغان بۇ ئادەم دەرھال ئەپەندىمنى قوغلاپتۇ، ئەپەندىم تېز يۈگۈرگەچكە يېتىشەلمەپتۇ.

ئەپەندىم بىرئاز يۈگۈرگەندىن كېيىن، خۇرجۇننى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى بىر دەرەخكە چىقىۋېلىپ ھېلىقى ئادەمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھېلىقى ئادەم تەرلەپ - پىشىپ كەلسە، خۇرجۇنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان، ئۇ خۇشاللىقىدا سەكرەپ

كېتىپتۇ.

— ھەي ئادەم، ئەمدى كۆكۈللۈك بىر تۇرمۇشنى تاپتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرۇپ.

(ئافغان)



# ئاۋۋال سۇ ئۇزۇشنى ئۆگىنىپ كېلەي

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، سىزنىڭ ئاغزىڭىز بەك تاتلىق، خۇدـ دى ھەسەل سۈركىۋالغاندەك. بىراق، كۆڭلىڭىز ماڭا تازا سادىق ئەمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن، — دەپتۇ.

— ياق پادىشاھىم، سىز توغرا ئېيتمىدىڭىز، مەن سىزگە ئەزەلدىن بەك سادىق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا مەن سىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىـ ڭىزنى كۆرۈپ باقاي، مۇشۇ چوڭقۇر كۆلچەكتىن سەكـ رەپ ئۆتۈپ بېقىڭە! — دەپ تەلەپ قويۇپتۇ پادىشاھ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىپتۇ.

— ئەپەندىم، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئاۋۋال بېلىقچى ئاغىنەمنىڭكىگە بېرىپ سۇ ئۇزۇشنى ئۆگىنىپ كېلىپ ئاندىن سەكرەپ ئۆتەي! — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(تۇرك)**

# ھېچنېمە

ئەپەندىم قازىلىق قىلىپ تۇرغاندا، ئىككى ئادەم جاڭجاللىشىپ قازىخانىغا كەپتۇ.

— قازى ئاكا! — دەپتۇ دەۋاگەر، — بۇ ئادەم يولدا يۈكىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپ: «يۈ-كۈمنى يۈدۈپ قويۇڭ» دېدى. مەن: «يۈدۈپ قويسام نېمە بېرىسەن؟» دېسەم، ئۇ: «ھېچنېمە» دېدى. مەن «بولىدۇ» دەپ يۈكنى يۈدۈپ قويۇپ ۋەدە قىلغان «ھېچنېمە» سىنى سورىسام بەرمەيۋاتىدۇ. ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، ئەنە شۇ ۋەدە قىلغان «ھېچنېمە» سىنى ئۇن-دۇرۇپ بەرسىڭىز.

ئەپەندىم كىگىزنىڭ بىر ئۇچىنى كۆتۈرۈپ سوراپتۇ.

— تېگىدە نېمە بار ئىكەن؟

— ھېچنېمە، — دەپتۇ دەۋاگەر.

— ئەنە شۇ «ھېچنېمە» نى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## ئۆرۈك يېگەندە

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۆرۈك سېتىۋاپتۇ. ئۆرۈك يەۋاتقان چاغدا ئاغىنىسى ئۆزى يېگەن ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقچىسىنى يوشۇرۇۋاپتۇ - دە، ئەپەندىمنى ئىزا تارتقۇزماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئۆرۈك يېيىشكە بەكمۇ چاققانكەنسىز، بىردەمدىلا شۇنچىۋالا ئۇرۇقچىنى دۆۋىلەپ قويۇپسىز، — دەپتۇ.

— ئۆرۈك يېيىشكە مېنىڭدىنمۇ بەكرەك سىز چاققانكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆرۈكنى ئۇرۇقچىسى بىلەن يۇتۇشنى سىزدىن ئۆگەنسەم بولغۇدەك.

**(ئۇيغۇر)**

# ئەپەندىمنىڭ ئۆمرى

ئەپەندىم باشقا بىر شەھەرنىڭ قەبرىستانلىقىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر قەبرە تېشىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغا: «بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئابدۇلمەلىك جاھانغا مەشھۇر بولۇپ، ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولدى» دەپ يېزىلغانىكەن.

ئەپەندىم ھەيران بولۇپ شەيختىن سوراپتۇ:

— ئۈچ يېشىدا ئۆلگەن بۇ كىچىك بالا قانداق قىلىپ جاھانغا مەشھۇر پادىشاھ بولىدۇ؟

— سۇلتان ئابدۇلمەلىك يەتمىش يىل ھايات كەچۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئۈچ يىلىنىلا خۇشال ئۆتكۈزگەنىكەن. شۇڭا پەقەت شۇنىلا ئۆمۈر ھېسابلاڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلغان، — دەپتۇ شەيخ.

ئەپەندىم پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ قەبرە تېشىمغا: «موللا نەسىرىدىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن توپتوغرا تاۋۇتقا چۈشكەن» دەپ يازسا بولغۇدەك، — دەپتۇ.

(ئىران)

# يۇمشاق نەرسە

سىرشۇناسلىق ئىقىمىدىكى بىر كىشى ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، سىز ھەدېسىلا بولمىغۇر ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكەنسىز، ئۇيالمامسىز؟ — دەپتۇ.

— سىزچە مەن ئەخمەق ئادەم بولسام، ئۆزىڭىز قانداق ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— مەن بولسام بىر سىرشۇناس، ھەر كېچىسى ئاسمانغا چىقىپ، ئاسماندىكى ئەڭ سىرلىق، ئەڭ غەلىتە ئاجايىپ - غارايىباتلارنى كۆزىتىمەن، — دەپتۇ سىرشۇناس مەغرۇرلۇق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، ئاسمانغا چىققان ۋاقتىڭىزدا يۈزىڭىزگە يۇمشاق بىر نەرسە تەگكەنلىكىنى سېزەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— شۇنداقراق بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلىمەن، — دەپتۇ سىرشۇناس مۇجمەل بىر تەرزدە.

— ئاشۇ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مېنىڭ ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# قىرىلىقنىڭ ئالامىتى

قىرىپ قالغان بىر باي كېسىلىنى كۆرسەتكىلى ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەن تۇرسام ئولتۇرالمايمەن، ئولتۇرسام ھاسا بولمىسا قوپالمايمەن، — دەپتۇ.

— قىرىغانلىقىڭىزدىن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— پۇت - قولۇم تارتىشىپ، پۇتۈن بەدىنىم زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ.

— بۇمۇ قىرىغانلىقىڭىزدىن!

— قانداقلا نەرسە يېسەم سىڭمەيدۇ. قۇلىقىممۇ ئاڭلىمايدۇ، كۆزۈممۇ تورلىشىدۇ.

— بۇنىڭ ھەممىسى قىرىلىقنىڭ ئالامىتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باينىڭ ئوغىسى قايناپ چىڭچىشىپ كېتىپتۇ:

— ھەي ئەپەندىم، سەن خۇنپەرنىڭ باشقا گېپى يوقمۇ؟

— بۇنداق قايناپ كېتىشىڭىزمۇ قىرىغانلىقىڭىزنىڭ ئالامىتى! — دەپتۇ ئەپەندىم تىرىكمەستىن.

(ئۇيغۇر)

# بىر دەقىقە ساقلاڭ

يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ قالمىغان بىر مۇرىت مەسچىتنىڭ پەشتىقىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:
— ئاھ خۇدا، مىڭ يىل سىزنىڭچە قانچە ئۇزۇن ۋاقىت؟ — دەپتۇ.
مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقان ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇدا بولۇۋېلىپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئەزىز بەندەم، ئۇ پەقەت بىر دەقىقە.
— ئېھ خۇدا، ئىككى مىڭ دىنار سىزچە قانچە بولىدۇ؟
— ئەزىز بەندەم، ئۇ پەقەت بىر دىنار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— ئۇنداق بولسا، شۇ بىر دىنارنى پېقىردەك قۇل بەندىڭىزگە ئىنئام قىلسىڭىزچۇ!
— خوپ، بىر دەقىقە ساقلاڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# بۇ يىل قۇرغاقچىلىق

ئەپەندىم بىر ئىغىز ئۆينى ئىجارىگە بەرمەكچى بوپتۇ.

ئىجارىگە ئالغۇچى ئۆينىڭ تاملىرىدىكى يامغۇر ئۆ-تۈپ كەتكەن ئىزلارنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، ئۆيىڭىزدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدى-غاندەك تۇرىدۇ، ئىجارىگە ئالمايمەن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ يىل قۇرغاقچىلىق، ھەر-گىز يامغۇر ياغمايدۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئاي - كۈننىلا ئالدىغا سۈرۈپتۇ

بىر كىشى ئەپەندىم ئۆلۈپ قاپتۇ دەپ ئىغۋا تارقى-تىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - ئاغىنىلىرى پاتىهە قىلىپ ئۆيىگە كىرسە، ئەپەندىم بىر ئوبدان ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقۇدەك. كەلگەنلەر ئاۋۋال هەيران بوپتۇ، ئارقىدىن هېلىقى ئىغۋا تارقاتقۇ-چىنى تىللاپتۇ.

بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ئەپەندىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كې-تىپتۇ - دە:

— ئۇ كىشىنىڭ مېنى ئۆلۈپتۇ دېگىنى بەرهەق راست، پەقەت ئاي - كۈننىلا ئالدىغا سۈرۈپتۇ، — دەپتۇ.

(تۈرك)

# ئەتىگەندىمۇ، كەچتىمۇ

ئەپەندىم ئوردىغا بېرىپ ئالۋان بارمۇ دەپ سورىغانىكەن، غوجىدار ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ياخشى گەپ، سىزگە ئالۋان كېرەك بولغان بولسا، ئون يىلدىن كېيىن كېلىڭ، — دەپتۇ.
ئەپەندىمۇ چاندۇرماي، ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ئوھۇي، ياخشىمۇ، ئون يىلدىن كېيىن ئەتىگەندىمۇ ياكى كەچتىمۇ؟ — دەپتۇ.

(تۇرك)

# جاۋاب

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئەپەندىمگە:

— دۇنيادا جاۋابىنى تېپىلمايدىغان نەرسە يوق، — دەپتۇ.

— ناتايىن، — دەپتۇ ئەپەندىم بېشىنى چايقاپ، — مەن مانا جاۋابى تېپىلمايدىغان نەرسىگە يولۇققان.

— مەن بار يەردە جاۋابى تېپىلمامدىكىن دەپ ئەن-سىرىمە، ئېيتە قېنى، توغرا جاۋابىنى تېپىپ بېرد-مەن، — دەپتۇ ئاغىنىسى قولىنى شىرەگە ئۇرۇپ.

— نېمىدېگەن ياخشى، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە ئورنى-دىن تۇرۇپ ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكې-لىپ، — نېمىشقا ئاۋۇ كۈنى ئاخشىمى دېرىزىدىن ئوغ-رىلىقچە ئۆيۈمگە كىرىۋالىسەن؟ — دەپتۇ.

**(ئافغان)**

# نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟

كۆپچىلىك چايخانىدا ئولتۇرۇپ، پو ئېتىشىنىلا بىلىدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىر ھورۇن ئۇستىدە پاراڭ قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ.

— بۇ ئەبلەخنىڭ، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ تىككۈچى، — ھەربىر سۆزىنىڭ سۇيى بار، خۇددى ھېلىلا ئۈزۈۋالغان كاللەكبەسەيگە ئوخشاش.

كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپتۇ، پەقەت ئەپەندىملا بۇ گەپكە قوشۇلماپتۇ.

— ياق، ھۆرمەتلىك تىككۈچى ئۇستام، — دەپتۇ ئەپەندىم، — سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭمۇ سۇيى بار ئىكەن، كاللەكبەسەينى پىشۇرۇپ يېگىلى بولىدۇ، ھېلىقى لاپچىنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟

(ئافغان)

# مەندىنمۇ ئالدىراڭغۇ ئىكەنسەن

گەپ ـ سۆزدە ئەزمىلىك قىلىدىغان ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە پاراڭلاشقىلى بېرىپتۇ. ئۇلار ئو۔ چاق ئالدىدا ئوتسىنغاچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. بىر چاغدا بۇ ئاغىنىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە ئوت تۇتىد۔ شىپ كېتىپ ئىس چىققىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇ ھېچنې۔ مىنى تۇيماستىن پارىڭىنى قىلىۋېرىپتۇ.

ئەپەندىم كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئاداش، مەن بىر سىرنى كۆردۈم، ئەگەر ۋاق۔ تىدا چارە كۆرمىسەڭ، چوقۇم زىيان تارتىسەن، ئا۔ غىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى دەپ مەن ساڭا دەپ بې۔ رەي، — دەپتۇ.

ئاغىنىسى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئال۔ دىراپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— زادى نېمە ئىش بولدى، تېزرەك ئېيتقىنە!

— چاپىنىڭنىڭ پېشىدىن ئىس چىقىۋاتقىلى يېرىم كۈن بولدى! — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاغىنىسى ئالدىراپ پېشىدىكى ئوتنى چىمدىپ ئۆ۔ چۈرۈۋېتىپ:

— ھوي ئەپەندىم، مۇشۇنداقمۇ ئاغىنە بولامسەن؟

نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتىپ قويمايسەن؟ — دەپ خاپا بوپتۇ.

— بەللى، مەن تېخى ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇمىكىن دېسەم، سەنزە مەندىنمۇ ئالدىراڭغۇ ئىكەنسەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# ئۆزۈڭنىمۇ قوغلىۋەت

ئەپەندىمدىن دائىم ئۇنى - بۇنى سوراپ ئاۋارە قىلىدىغان بىرى بىر توپ بالىنىڭ ئەپەندىمنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بۇ شۇمتەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قوغلىۋېتەيمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەجەب ياخشى گەپ قىلدىڭ، بۇ بالىلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈڭنىمۇ قوغلىۋەت! — دەپتۇ ئەپەندىم شۇئان.

(ئۇيغۇر)

**************************

# بۇگۇن ئېلىپ قاچىدىغان كۈن

ئەپەندىم قاسساپتىن بىر كىلوگرام گۆشنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسا، بىر تار كوچىدىن تۇيۇقسىز بىر ئىت ئېتىلىپ چىقىپ، ئەپەندىمنىڭ قولىدىكى گۆشنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەپەندىم ئىچىدە: «ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئۆيگە بارغاندا خوتۇنغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن» دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر ئاغىنىسىنىڭمۇ گۆش كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئاستا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، قولىدىكى گۆشنى كاپلا قىلىپ تارتىۋاپتۇ.

— ھەي ئەپەندىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئاغىنىسى، — چاقچاق قىلما، ئۆيدە ساقلاپ قالغان مېھمان بار!

— چاقچاق قىلغىنىم يوق، بۇگۇن ئېلىپ قاچىدىغان كۈن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كۆن پاتالماي قىزىرىۋاتقان گەپ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، نېمىشقا كۈن غەربكە ئولتۇرغاندا قىزىرىدۇ؟
— ئەخمەق، مۇشۇنىمۇ بىلمەمسىز، كۈن پاتالماي قىزىرىۋاتقان گەپ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەتىيازنى ئېلىپ قېلىڭ

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، مېنىڭ قاملاشمىغانلا بىر مىجەزىم بار، قىش كەلسە سوغۇقتىن قورقىمەن، ياز كەلسە ئىسسىقتىن قورقىمەن، زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئويلاپ كېتىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەخمەق، پۇلنى جىقراق خەجلەپ ئەتىيازنى ئېلىپ قېلىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئەتىيازنى يېنىڭىزدىن ئايرىمىسىڭىز بولمىدىمۇ!

(تۈرك)

# يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن، ئۇ ئاۋازى كەلمىسىمۇ ناخشا ئېيتىشقا بەك ئامراقكەن، يەنە كېلىپ ئېيتقان ناخشىسى مۇقامغا چۈشمەيدىكەن. ئەپەندىم پات - پاتلا ئۇنىڭ ناخشىسىنى تۈزىتىپ تۇرىدىكەن، ئەمما ئۇ زادىلا تۈزىتەلمەيدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ قاملاشمىغان ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىپ ئەپەندىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ئەپەندىم يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ئاداش، بۇنىڭدىن كېيىن ناخشا ئېيتمىغىن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى ئەجەبلىنىپ.

— نېمىشقا دېمە، سەن تالادا تۇرۇپ ناخشا ئېيتساڭ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېنىڭ يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# قۇلىقىم ئىككى، ئاغزىم بىر

ئەپەندىمنىڭ يېقىندىن بۇيان كەيپى ياخشى بولماي قېلىپ، ئاز گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى بىرى:

— ئەپەندىم، يېقىندىن بۇيان نېمىشقا ئاز گەپ قىلىدىغان، كۆپ ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ قۇلىقىم ئىككى، ئاغزىم بىر تۇرسا، ئەلۋەتتە ئاڭلايدىغىنىم دەيدىغىنىمدىن بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# ھېچنېمە

ئەپەندىم خورجۇنغا لىق چىنە - قاچا قاچىلاپ، ئۇنى ئېشىكىگە ئارتىپ، ئىسپاھان شەھىرىگە ئاپىرىپ ساتماقچى بوپتۇ.

شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە، قاراۋۇللار كېلىپ تەكشۈرۈپتۇ. ئۇلار قولىدىكى تاياقنى خورجۇننىڭ ئىچىگە تىقىپ، چىنە - قاچىلارنى ئۇرۇپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بۇنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟

— يەنە بىر قېتىم ئۇرساڭلار ھېچنېمە بولۇپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم دەرھال.

(ئىران)

# قانداق قىلاتتىڭىز؟

بىر كۈنى ئەپەندىم مەسچىتتە پەرىجىسىنى يىتتۈ-رۈپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم بىلەن يېنىدىكىلەر ئۇيان ئىز-دەپ، بۇيان ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئەپەندىم ئامالىنىڭ يوقى-دا ئەتراپىدىكىلەرگە:

— هوي ئاغىنىلەر، پەرىجەمنى تېپىپ بېرىڭلار، بولمىسا، مەن... هېلى بىكار... ، — دەپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر ئەپەندىمنى چاتاق چىقىرىپ، ئىش تېرىمىسۇن دەپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلاپ-تۇ. ئەسلىدە بىرى چاقچاق قىلىپ يوشۇرۇپ قويغان-كەن.

ئەپەندىم تېپىلغان پەرىجىسىنى كىيگەندىن كې-يىن، بىرى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەگەر پەرىجىڭىز تېپىلمىغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

— قانداق قىلاتتىم، يېڭىدىن بىرنى سېتىۋالاتتىم شۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# قېچىر خالىغان يەرگە

ئەپەندىمنىڭ ياۋاش، مۇلايىم ئېشىكى ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم بازارغا بېرىپ قېچىر سېتىۋاپتۇ. بىراق، بۇ تېخى كۆندۈرۈلمىگەن قېچىر بولغاچقا خۇيى بەك يامان ئىكەن. ئەپەندىم قېچىرنى ئوبدان كۆندۈرىمەن دەپ، ئۈستىگە بىر ئارتىلىپتىكەن، قېچىر چىچاڭشىغان پېتى جىنىنىڭ بارىچە چېپىپ، زادى توختىماپتۇ.

— هوي ئەپەندىم، قېچىرنى چاپتۇرۇپ نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ يولدا كېتىپ بارغان بىرەيلەن.

— ۋاي ئاغىنە، قېچىر خالىغان يەرگە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئۆلگۈدەك راھەتلىنىش

بىر كىشى ئەپەندىمنى كەچلىك تاماققا چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى مېھمانلارغا تۈرلۈك تاماقلارنى كەلتۈرۈپتۇ. ھاۋا ئىسسىق، ئۈنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى قىزىق تاماقلار بولغاچقا مېھمانلار چىپ ـ چىپ تەرلەپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا ئۆي ئىگىسى ھەربىر مېھمانغا بىر پىيالىدىن مۇزدەك سوغۇقلۇق كەلتۈرۈپتۇ. ئۆزىگە بولسا ئەڭ چوڭ چىنىدە كەلتۈرۈپ، ھۇزۇرلىنىپ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ، ئاندىن راسا بىر كېرىلىپ:

— پاھ، نېمىدېگەن راھەت، ئۆلگۈدەك راھەتلەندىم ـ دە! — دەپتۇ.

ئەپەندىم بىلەن باشقا مېھمانلار ئالدىدىكى سوغۇقلۇقنى بىر يۇتۇپلا ئىچىۋېتىپ، قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدىن كېيىن، ئەپەندىم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ چىنىدىكى سوغۇقلۇقنى ئېلىپ:

— ھۆرمەتلىك تەقسىر، بۇ چىنىدىكى سوغۇقلۇقنى بىز ئىچىپ كۆرەيلى، بىردەمدىن كېيىن بىزمۇ ئۆلگۈدەك راھەتلىنەيلى! — دەپتۇ.

(تۈرك)

# مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن

ئەپەندىم ئاغىنىسىگە:

— سەن كۆڭلۈڭدە نېمىنى ئويلاۋاتقان بولساڭ مەن شۇنى تاپىمەن! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتىمەن، سەن تېپىپ باقە! — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئەپەندىم مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى چوقۇم تاپالمايدۇ دەپ ئويلاۋاتىسەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# تۆت تۇگمە

ئەپەندىمنىڭ بىر يېقىن ئاغىنىسى ئەپەندىمنى بىر چاقچاق بىلەن قورقۇتماقچى بوپتۇ. ئاغىنىسى غەلىتە بىر خىل كىيىمنى كىيىپ، بېشىنى ياغلىق بىلەن ئوراپ ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم كەيـ-نىگە داجىپ.

— مەن شەيتان، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئەگەر ئۇنداق بولسا، بىر كارامىتىڭنى كۆر-سەت! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمە كارامەت كۆرسىتىمەن؟ — دەپتۇ ئاغىنىـ-سى.

ئەپەندىم ئۇزۇن بىر ئىسقىرتىپ:

— مۇشۇ بىر ئىسقىرتىنىڭ ئۇستىگە تۆت تال تۇگمە قاداپ باق! — دەپتۇ.

(قازاق)

# ھۇرۇن ئەپەندىم

ئەپەندىم بەك ھۇرۇن ئىكەن، كەچكىچە يوتقاندىن چىقماي ياتىدىكەن. خوتۇنى ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، ئورنىڭىزدىن قوپۇپ چىراغنى يېقىۋېتىڭ، كەچكىچە يېتىۋېرەمسىز! — دەپتۇ.

— تېخى قاراڭغۇ چۈشمىدى، نېمە ئالدىرايسەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

بىردەمدىن كېيىن خوتۇنى يەنە:

— تالادا يامغۇر يېغىۋاتقان ئوخشايدۇ، چىقىپ قاراپ بېقىڭ! — دەپتۇ.

— سەل تۇرۇپ مۈشۈك يېنىپ كىرىدۇ، ئۇنىڭ تۈكىنى سىلاپ باقساڭ، يامغۇر ياغقان ـ ياغمىغانلىقىنى بىلەلەيسەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇنىنىڭ ئىمانى بەش گەز ئۆرلەپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ:

— ئەپەندىم، ئىشىكنى يېپىپ قويۇڭ! — دەپتۇ.

— مەن سېنىڭ ئىككى بۇيرۇقۇڭنى ئادا قىلدىم. ئەمدى ئۈچىنچى بۇيرۇقۇڭنى ئۆزۈڭ ئورۇندا، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۇستا ساتىراش

بىر كۈنى ئەپەندىم چاچ ئالدۇرۇپتۇ. ساتىراش ئاۋايلىماي ئەپەندىمنىڭ بېشىنىڭ بىرنەچچە يېرىنى كې-سىپ قويۇپ، پاختا يېپىشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم:

— ئۇستا ساتىراش ئىكەنسىز، بېشىمنىڭ يېرىمى-غا پاختا تېرىپسىز، قالغان يېرىمىغا ئۆزۈم زىغىر تې-رىيمەن - دە، زىغىردىن ياغ تارتقۇزغاندا ھەققىڭىزنى ئالىسىز، — دەپ پۇلنىمۇ بەرمەي چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

## رەھمىتىڭمۇ چاغلىق ئىكەن

ئەپەندىم بىر كۈنى يوقسۇزلۇقتا چىدىماي بىر تامنىڭ تۈۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەي، پەرۋەردىگار، يوقسۇزلۇق پىچىقى سۆڭەككە يەتتى، جاننى نېمانچە قىينايسەن؟ مۆمىن بەندەڭگە رەھىم قىلىپ يا دۆلەت بەرگىن، يا بولمىسا ئامانىتىڭنى ئال!...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تام ئۈستىدىن بوشاپ قالغان بىر كېسەك ئەپەندىمنىڭ مۈرىسىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم «ۋاي» دەپ مۈرىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— دۆلەت بەر دېسە پەرۋا قىلمايسەنۇ، جاننى ئال دېسە تەييارسەن، رەھمىتىڭمۇ چاغلىق ئىكەن! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# بىر مۇشت بەش تەڭگە

بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، ئارقى-سىدىن كەلگەن بىر ئادەم تۇيۇقسىز گەدىنىگە بىر مۇشت سايتۇ. ئەپەندىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، تونۇمايدىغان بىر ئادەم ئىكەن.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مەن سىزنى بىر ئاغىنەمگە ئوخشىتىپ چاقچاق قىلىپ سايتى-مەن.

ئەپەندىم ئاچچىقى كېلىپ ئۇ ئادەمنى قازىخانىغا سۆرەپ ئاپىرىپتۇ.

قازى ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمگە «بىكاردىن ئۇرغىنىڭ ئۈچۈن بەش تەڭگە تۆلەيسەن» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. بىراق، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا پۇلى بولمىغاچقا، ئۆيىگە بېرىپ پۇل ئەكېلىپ بېرىشنى سوراپتۇ. قازىمۇ ماقۇل دەپتۇ.

ئەپەندىم قازىخانىدا خېلى ئۇزاق ساقلاپتۇ، ئەمما ئۇ ئادەم قايتىپ كەلمەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئورنىدىن تۇرغان پېتى بېرىپ قازىنىڭ گەجگە-سىگە بىر مۇشت سايتۇ. قازى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇ-رۇپ كېتىپتۇ - دە:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق؟! — دەپتۇ.
— بىر مۇشت بەش تەڭگە بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم كەلگەندە بەش تەڭگىنى سىزلا ئېلىۋېلىڭ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# قوينىڭ نەرخى

بىر كۆنى ئەپەندىم بىر قوينى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ.

بىر خېرىدار قوينى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، قوينى نەچچىگە ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ قوي ئۆزۈمگە بەش تەڭگىگە توختىغان. ئالتە تەڭگىگە ساتسامىكىن دەپ تۇرىمەن. بەلكىم، خېرىدار چىقىپ قالسا، يەتتە تەڭگىگە ساتارمەن. قويۇمغۇ سەك-كىز تەڭگىگە ئەرزىيدۇ. ئەگەر قويۇمغا كۆزىڭىز چۈش-كەن بولسا، توققۇز تەڭگە قىلىڭ - دە، ئون تەڭگىگە بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەزان

ئەپەندىم مەزىن بولۇپ پەشتاقتا نامازشامغا ئەزان ئېيتىۋاتقاندا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر ئادەم ئەپەندىمگە ۋارقىراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەزاننى ئۈنلۈكرەك ئېيتىڭ، ياخشى ئاڭلانمايۋاتىدۇ!

ئەپەندىم ئېيتىۋاتقان ئەزاننى توختىتىپ:

— ئاڭلىمىساڭ ئۆزۈڭدىن كۆر، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى بەش چاقىرىم يەردىن ئاڭلاۋېرىمەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# مۇنار

ئەپەندىم تۇرپانغا بارغاندا خەقلەر سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، تۇرپاننىڭ مۇنارىنى قانداق ياسىغاندۇ؟

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭلار يەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم، — كونا كارىزنى دۈم قىلىپ ياسىغان.

(ئۇيغۇر)

# غوۋغا

بىر كېچىسى ئەپەندىم ئۇخلاپ ياتسا، كوچىدىن غوۋغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال خوتۇنىنى ئويغىتىپ:

— ۋاي خوتۇن، كوچىدا غوۋغا بولۇۋاتىدۇ، پەردىجەمنى ئېلىۋەتكىنە، چىقىپ قاراپ باقاي، — دەپتۇ ــ دە، پەرىجىسىنى يېپىنغان پېتى كوچىغا چىقىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ چىقىشىغا كوچىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىر توپ مەستلەر ئەپەندىمنىڭ پەرىجىسىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەپەندىم ئەلەم بىلەن ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە، خوتۇنى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كوچىدىكى نېمە غوۋغا ئىكەن؟

— پەرىجەم ئۈستىدە بولۇۋاتقان غوۋغا ئىكەن، پەرىجەمنى ئالدى ــ دە، بېسىلىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# خورەك

ئەپەندىم خوپتەندىن كېيىنكى قىرائەت ۋاقتىدا، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ خورەك تارتىپتۇ. يېنىدا ئولتۇرغان كىشى ئەپەندىمنى نوقۇپ:

— ئەپەندىم، نامازدا ئولتۇرۇپ ئۇخلىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتىكەن.

ئەپەندىم:

— ئۇخلىمىدىم، خورەك تارتىپ ئۇيقۇمنى قاچۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# قولۇمدىن كېلىدىغىنى

بىر كۈنى ئەپەندىم قازىخانىغا بېرىپتىكەن، قازىخانىدىكىلەر ئۇنىڭ خورجۇنىنى تىقىۋاپتۇ. ئەپەندىم قازىغا:

— قازى ئاخۇنۇم، ياخشىلىقچە خورجۇنۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، بولمىسا قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن، — دەپ دوق قىپتۇ.

قازى ئەپەندىمنىڭ ئۆزىنى يەرگە قارىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، خورجۇنىنى تاپتۇرۇپ بېرىپ:

— ئەپەندىم، خورجۇنىڭىز تېپىلمىسا نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەندىشە قىلغىنىڭىزغا قايىلمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇكى، ئۆيدىكى ئەسكى پالاستىن خورجۇن تىكتۈرۈۋالاتتىم.

(ئۇيغۇر)

# ئاي ۋە يۇلتۇز

بىر كۈنى كىشىلەر ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، يېڭى ئاي چىققاندا كونا ئاي نەگە كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يېڭى ئاي چىققاندا، خۇدايىم كونا ئاينى توغراپ يۇلتۇز قىلىۋېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# يېرىم باھا

ئەپەندىمنىڭ بېشى پاينەك ئىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم ساتىراشقا چاچ ئالدۇرۇپ، ئەسلىدىكى باھانىڭ يېرىمىنى تۆلەپ مېڭىپتۇ.

— ئەپەندىم، يېرىم باھا بەردىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ ساتىراش.

— سىزمۇ يېرىم باش چۈشۈردىڭىز - دە، ئەگەر خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ، ياشلىقىمغا قايتۇرۇپ قويسا، پۈتۈن باھا ئالىسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بىز ئىككى ئادەم

ئەپەندىم كېچىسى يالغۇز كېلىۋېتىپتىكەن، يىراق-تىن ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنى ئوغرىمىكىن دەپ ئويلاپ، تۇمىقىنى يولنىڭ بويىدىكى تېرەككە ئىلىپ قويۇپ:

— بىز ئىككى ئادەم، قورقۇشىماسلىق كېلىش! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# چىراغنى ئۆچۈر

بىر ئاخشىمى ئەپەندىم جامائەت بىلەن مەسچىتتە ئولتۇرسا، قوشنىسىنىڭ ئوغلى يۈگۈرۈپ كەپتۇ ـ دە:

— ئەپەندىم، خۇش خەۋەر، سۆيۈنچە بېرىڭ، خو-تۇنىڭىز تۇغدى، — دەپتۇ.

ئەپەندىم يېرىم تەڭگە چىقىرىپ بېرىپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ ئوغلى كەپتۇ.

— دادا، ئاپام تۇغدى، سۆيۈنچە بەر!

ئەپەندىم ئوغلىغىمۇ يېرىم تەڭگە بېرىپتۇ ـ دە:

— تاپقان ـ تەرگەن سۆيۈنچىگە كەتسە، بالىلارنى نېمە بىلەن باققۇلۇق، — دەپتۇ ئوغلىغا، — تېز بارغىن ـ دە، چىراغنى ئۆچۈر، يورۇقنى كۆرۈپ كەي-نى ـ كەينىدىن كېلىۋەرمىسۇن!

(ئۇيغۇر)

# پەرىجەمنى مىنگەشتۇرۇۋېلىڭ

ئەپەندىم بازار كۈنى ئېشىكىنى سېتىپ ياياق كېتىۋاتسا، بازاردىن ئاتلىق قايتقان ئىمامنى ئۇچرىتىپتۇ.

— تەقسىر، ياياق قالدىم، پەرىجەمنى ئېتىڭىزنىڭ كەينىگە مىنگەشتۇرۇۋالسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ ئەپەندىم.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئىمام، — نەگىچە مىنگەشتۇرۇۋالىمەن؟

— بىزنىڭ يېزىغىچە.

— يېزىغا بارغاندا پەرىجىڭىزنى كىمگە بېرىمەن؟

— ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە بېرىسىز - دە.

ئىمام ھەيران بولۇپ:

— سىز بارغۇچە ساقلاپ تۇرىمەنمۇ؟

— ياق، تەقسىر، پەرىجەمنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمگىلا تاشلاپ كېتىسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ

ناھايىتى كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن بىر كىشى ئەپەندىمگە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ:

— ئۇ دۇنياغا قەرز بىلەن كەتمەي دەيمەن، قەرزلىرىمنى تۆگىتىۋالغۇچە خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسىكەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سىز قەرزلىرىڭىزنى تۆگەتكۈچە، ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ، جان ئېلىشقىمۇ ماجالى قالمايدۇ، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# سٮر ساقلٮماق تەس

ئەپەندٮمدٮن بٮر كٮشى سوراپتۇ:

— بۇ شەھەردٮن ئوبدان سٮر ساقلايدٮغان بٮرٮنى تاپقٮلى بولارمۇ؟

— شەھٮرٮمٮزدە يامغۇر كۆپ ياغٮدۇ، سٮرلارنى يۇيۇپ كەتمٮسٮمۇ، ئۆڭدۇرۇۋېتٮدۇ، شۇڭا شەھٮرٮمٮزدە سٮر ساقلٮماق تەس، — دەپ جاۋاب بېرٮپتۇ ئەپەندٮم.

**(ئۇيغۇر)**

# خورەككە ئامال

ئەپەندىم ئاغىنىسىنىڭكىگە مەشرەپكە بېرىپ قونۇپ قاپتۇ. ئاغىنىسى يوتقانغا كىرىپلا قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم خورەك دەستىدىن زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ ـ دە، يېنىدا ياتقان ئاغىنىسىنىڭ بېشىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ.

ئاغىنىسى ئويغىنىپ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا بېشىمنى تاتىلايسىز؟ — دەپتۇ.

— بېشىم قىچىشىپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قىچىشسا ئۆزىڭىزنىڭ بېشىنى تاتىلىمامسىز؟

— كەچۈرۈڭ، قاراڭغۇدا بايقىماق تەس ئىكەن، خورەك ئاداشتۇرۇۋەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش

بىر كۈنى ئەپەندىمدىن كىشىلەر سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، قوي قۇربانلىق قىلغانلار قىيامەتتە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن قويغا مىنىپ ئۆتىدۇ، دېيىشىدۇ. قويغا كۈچى يەتمەي، زىغىر يېغىدا ياغ پۇراتقانلار قانداق ئۆتىدۇ؟
— جۇۋازچىنى مىنىپ ئۆتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كۇندۇزى يۇلتۇز كۆرۈش

ئەخمەق بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كۇندۇزى يۇلتۇز كۆرگەن كىشى بەختلىك بولىدۇ، دەيدۇ. كۇندۇزى يۇلتۇز كۆرۈشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — قىرىق كۈن ياغ - گۆشسىز تاماق يەپ، قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقمىسىڭىز، كۇندۇزىمۇ گەپ يوق يۇلتۇز كۆرىسىز.

ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، قىرىق كۈن قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ياغ - گۆشسىز تاماق يەپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ھاسا تايىنىپ ئاران تالاغا چىقىپتىكەن، كۆزلىرى تورلىشىپ، پۇتلىرى تىترەپ، نەگە قارىسا كۆزىگە جىمىرلاپ تۇرغان ئالىيېشىل دۇگىلەك نەرسىلەر كۆرۈنۈپتۇ.

«پاھ، ئەپەندىمنىڭ ئەقلىگە قايىلمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — كۇندۇزى ھەممىلا يەر يۇلتۇز بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن - دە!»

(ئۇيغۇر)

# ئۈيقۇم قاتتىق

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلەردە، بىر سودىگەر ئۈنىڭغا ئون تەڭگە پۇل بېرىپ:

— سەپەرگە چىقماقچىدىم، سەپىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن بەش ۋاخ نامىزىڭىزدا دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ! — دەپتۇ.

— تەقسىر، كەچۈرسىلە، ئۈيقۇم قاتتىق ئادەممەن، بامداتقا ئۈلگۈرەلمەيمەن، خۇپتەنگىچە يېتىپ قالىمەن. ئىككى ۋاخ نامازدىكى دۇئانىڭ پۇلىنى ئۆزلىرى ئالسىلا، — دەپتۇ ـ دە، تۆت تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تۆشۈك تەڭگە

ئەپەندىمنىڭ چوققىسى تاقىر ئىكەن، ئۇ چاچ ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ساتىراشنىڭ قولىغا بىر تال تۆشۈك تەڭگە بېرىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ساتىراش:

— ئەپەندىم، بۇ تەڭگە ئۆتمەيدۇ، پۈتۈننى بېرىڭ، — دەپتۇ.

— تەڭگىنىڭ پۈتۈننى چوققامغا چاچ چىققاندا ئالىسەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خۇدا خالىسا

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ھەر ئىش خۇدا خالىسا بولىدۇ، دېگەن بىر ھېكمەت بار. شۇنىڭغا سىز نېمە دەيسىز؟

— مەنمۇ خۇدا خالىسا بولىدۇ دەيمەن. مەن خالىغان بولسام، ئاللىقاچان مەسچىتنى بۇزۇپ قىشلىق ئوتۇننى غەملىۋالغان بولاتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئامانەت

ئەپەندىمنىڭ يەلكىسىگە قاتتىق بىر مۇشت تېگىپ، دېمى كېسىلىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم بۇرۇلۇپ قارىسا، تونۇمايدىغان ئۆزۈنتۇرا بىر ئادەم ئىكەن.

— خوش، بۇرادەر! بۇ قانداق قىلىق بولدى؟

— كەچۈرىسىز، مەن ئارقىڭىزدىن سىزنى موللا تۇرسۇنمىكىن دەپتىمەن.

ئەپەندىم ئۇنچىقماي يولىغا مېڭىپتۇ، ئۇ مەھەللىگە كەلگەندە، بىراۋ بىلەن گەپلىشىپ تۇرغان موللا تۇرسۇننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، كەينىگە ئۆتۈپ بىر مۇشت ساپتۇ. موللا تۇرسۇن چۆچۈپ ئەپەندىمگە قاراپ:

— بۇ قانداق قىلىق؟ — دەپتۇ.

— ئېلىڭ ئامانىتىڭىزنى! ئامانەتكە خىيانەت قىلمايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# تەنتەك ۋە ساراڭ

ئەپەندىم تۇگمەنگە بۇغداي ئېلىپ بېرىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىدا، تۇگمەندىكى تاغارلاردىن ئۆزىنىڭ تاغىرىغا بۇغدايني ئوچۇملاپ سېلىۋېرىپتۇ. بۇنى تۇگمەنچى كۆرۈپ قېلىپ:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تەنتەكمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— تەنتەك بولسىڭىز، نېمىشقا ئۆز تاغىرىڭىزدىن ئېلىپ باشقا تاغارلارغا سالمايسىز؟

— ئۇ چاغدا ھەقىقىي ساراڭ بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# ئاينىڭ نەچچىسى

ئەپەندىمدىن بىر كىشى:

— ئەپەندىم، بۈگۈن ئايغا نەچچە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاينىڭ نەچچە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئاي ئېلىپ ساتقىنىم يوق! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئاخىرەت

ئەپەندىمنىڭ ئىشكى ئۆلۈپ قالغانىكەن، بۇنىڭغا ئەپەندىم بەك قايغۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىسى كېلىپ تەسەللى بېرىپتۇ:

— ئەپەندىم، تولا قايغۇرماڭ، ھەممىمىز بىر كۈنى ئاخىرەتكە كېتىمىز.

ئەپەندىم:

— ئاخىرەتكە كېتىدىغانلارنىڭ بىرى مەن بولسام، ئاخىرەتكە ياياق بارغۇم يوق! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئەركە بەندە

دەريادا سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ئەپەندىم يىراقتا بېلىق-
چىلارنىڭ دەرياغا تور تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە،
ئۈزۈپ بېرىپ تورغا كىرىۋاپتۇ.

بېلىقچىلار: «تورغا يوغان بېلىق چۈشتى» دەپ
تورنى تارتىشقا باشلاپتۇ. قارىسا، توردىن ئەپەندىم چى-
قىپتۇ. بېلىقچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، تورنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈر-
سىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خۇدانىڭ ئەركە بەندىسىمەن. ئۆز مەيلىم، خا-
لىسام تورغا كىرىمەن، خالىسام ئۆيگە كىرىمەن، خالى-
سام گۆرگە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئاي

ئەپەندىم ساياھەت قىلىپ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ كەچقۇرۇن ئۇيەر - بۇيەرگە تونلىشىپ يېڭى ئايغا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم بۇلارغا قاراپ:

— تازىمۇ ھاماقەت ئىكەنسىلەر، كونا ئورغاقتىنمۇ ئىنچىكە ئايغا قاراپ ئاغزىڭلار ئېچىلىپ قاپتۇ. بىزنىڭ شەھەردە ھارۋىنىڭ چاقىدەك كېلىدىغان ئايغىمۇ ھېچكىم قارىمايدۇ، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# كەچۈرۈم

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، ماڭا شۇنداق بىر قاتتىق چاقچاق قىلىڭكى، بۇ قىلغان گۇناھىڭىزدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان بولسۇن، مەن سىزنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلاي، كېيىن كەچۈرۈم سوراڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم رازى بوپتۇ. ئىككىسى باغقا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئەپەندىم پادىشاھنىڭ بىقىنىنى چىمدىۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەخمەق، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، پادىشاھىم، سىزنى خوتۇنىڭىزمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# تۆگىگە قانات بەرسە...

بىر كۆنى ئەپەندىم بازارغا كىرىپ:

— ھەي بازارچىلار! خۇداغا شۈكرى دەڭلار! تۆگىگە قانات بەرگەن بولسا، بۇنداق خاتىرجەم بازار قىلىپ يۈرەلمەيتتىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

توپنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى چىقىپ:

— تۆگىگە قانات بەرسە، بازارغا نېمە دەخلى يېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي نادان، تۆگىنىڭ قانىتى بولسا، ھەر كۈنى ئۆگزەڭگە قونۇۋېلىپ، ئۆيۈڭنى بۇزۇۋېتىپ ساڭا ئارام بېرەمتى؟ — دەپتۇ ئەپەندىم چۈشەندۈرۈپ.

**(ئۆزبېك)**

# ناماز

بىر كۈنى ئىمام ئەپەندىمدىن:

— نېمىشقا بامدات نامىزىغىلا چىقىپ، باشقا نامازلارغا چىقمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز بەش ئاكا ـ ئۇكا، بەش ۋاخ نامازنى بۆلۈشۈۋالغانمىز. مەن چوڭ ئوغۇل بولغاچقا، بامدات نامىزى ماڭا بۆلۈنگەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا، جۈمە ناماز بىلەن پىتىر ۋاجىپنى نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— ئۇلارنى ئىمامىمىزنىڭ ئۆزى بىر نېمە قىلىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# نەق پۇل

ئەپەندىم بىر جازانىخورغا قەرزدار ئىكەن. بىر كۈنى بازارغا بارماقچى بولۇپ ئىشىكىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا جازانىخورغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم شۇئان كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ خوتۇنىغا:

— جازانىخور ئېلىشىنى قىستاپ يەنە كەپتۇ. ساڭا قانداق تاپشۇرغان بولسام شۇنداق جاۋاب بەرگىن، ماقۇلمۇ؟ — دەپ جېكىلەپتۇ - دە، ئۆگزىگە چىقىپ، كوچا ئىشىكىنىڭ تۆپىسىدە خوتۇنى بىلەن جازانىخور ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان گەپكە قۇلاق ساپتۇ.

جازانىخور ئىشىكنى تاقىلدىتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ:

— كىمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋازىمدىن تونار دەپ ئويلىغانىدىم، ئاۋۇ كۈنى كېلىپ ئېرىڭىزگە قەرز بەرگەن كىشى بولىمەن، — دەپ زەردە بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ جازانىخور.

— ھە، تونۇدۇم، — دەپتۇ ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى، — نېمە ئۈچۈن كەلگەنتىڭىز؟

— نېمە ئۈچۈن كېلەتتىم، ئېرىڭىزگە بەرگەن پۇلۇمغا كەلگەنىدىم! — دەپتۇ جازانىخور.

— ئېرىم ئۆيدە يوق، لېكىن مەن گەپنىڭ ئوچۇ-
قىنى دەپ قويااي، مۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ،
بىز تېخى پۇل يىغقۇچىلىك بولمىدۇق، — دەپتۇ يەنە
ئەپەندىمىنىڭ خوتۇنى.

— قىيامەتتە تۆلەمسىلەر؟! — دەپتۇ جازانىخور.

— پات يېقىندا تۆلەيمىز. ئېرىم ئىشلىك ئالدىغا
قاتار قىلىپ كۆچەت تىكمەكچى، ئەگەر شۇلار تۇتسا،
بازار كۈنى كوچىمىزدىن ئۆتىدىغان قويلارنىڭ يۇڭى
ئۇنىڭغا ئىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىن شۇ يۇڭلاردىن يىپ
ئېگىرىپ سېتىپ پۇل قىلىمىز. ئەنە شۇ چاغدا، خۇدا-
يىم بۇيرۇسا، سىزنىڭ پۇلىڭىزنى بېرىمىز، خاتىرجەم
بولۇڭ، بىز بىراۋنىڭ ھەققىنى يەپ كېتىدىغان ئادەم-
لەردىن ئەمەسمىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان جازانىخور قاقاقلاپ كۈلۈپ
كېتىپتۇ. شۇ ھامان ئەپەندىم ئۆگزىدىن بېشىنى
چىقىرىپ:

— نەق پۇل ئالىدىكەنمەن دەپ خۇشال بولۇپ
كۈلۈۋاتىسەن - ھە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# قەرز

بىر ئادەم ئەپەندىمدىن پۇل قەرز سوراپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭغا پۇلنى بېرىپتۇ ـ دە، بويىنىغا بىر مۇشت ساپتۇ. قەرز سورىغان كىشى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ھەمدە ھەيران بولۇپ، ياتقان يېرىدە:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەللى، بەللى، پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشتە مۇشتلاشقۇدەك ھالىڭ يوق ئىكەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## بۆدۇنە

قەھەتچىلىك يىلى ئەپەندىم ئاشلىقتىن قىسىلىپ، بىر باينىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ. ئەپەندىم تاغارغا ئاشلىق قاچىلاۋاتقاندا ئۇستىگىلا باي كىرىپ قېلىپ:

— كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بۆدۇنە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— بۆدۇنە بولساڭ بېدىلىككە بارماي، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— بۆدۇنىنىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا ۋىتۋالاق، ۋىتۋالاق…، — دەپ سايراشقا باشلاپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# دەررە كەلگۈچە

ئەپەندىمنى پادىشاھ يۈز دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم مەھرەملەردىن:

— دەررە كەلگۈچە ياتقۇزۇپ دۇمبەمنى شاپىلاقلاپ تۇرۇڭلار، — دەپ تەلەپ قىپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن:

— دەررە كەلگۈچە گۆشۈم ئۆلۈپ، دەررە يېگىنىم بىلىنمەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# بالا - چاقا

ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىسى:

— موللا نەسرىدىن، بالا - چاقىڭىز كۆپمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن.

— بالام كۆپ، چاقام ئاز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



***************************

# پەشتاقنى هەرىلىۋېتىمەن

بىرنەچچە كەپسىز بالا دەلدەڭلەپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ بالىلاردىن بىرنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئېگىز پەشتاقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەگەر سىلەر يەنە كەينىمگە كىرىۋالساڭلار، بۇ بالىنى پەشتاقتىن يەرگە تاشلىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلماڭ، چاققان قايتىپ چۈشۈڭ! — دەپتۇ كىشىلەر پەشتاقنىڭ تۈۋىگە ئولىشىپ.

ئەمما بۇ گەپ ئۇنىڭغا كار قىلماپتۇ، ئۇ ئەلپازىدىن زادىلا يانماپتۇ.

نەسرىدىن ئەپەندىم شۇ هامان يوغان بىر هەرىنى تېپىپ كەپتۇ ـ دە، هېلىقى ئادەمگە قاراپ ۋارقىراپ:

— ئەگەر سەن بالىنى تىنچ ـ ئامان ئېلىپ چۈشمەيدىغان بولساڭ، پەشتاقنى هەرىلىۋېتىمەن! — دەپتۇ.

هېلىقى ئادەم قورقۇپ كېتىپتۇ ـ دە، ياۋاشلىق بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ يېنىپ چۈشۈپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆيى

ئەپەندىم قازى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىر مەسچىتنىڭ مەزىنى ئەرز قىلىپ:

— پالانى مەسچىتنىڭ مەزىنى يېرىم كېچىدە كېلىپ، بىزنىڭ مەسچىتىمىزنىڭ جاينامازلىرىنى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ مەسچىتىگە سېلىۋاپتۇ، قازى ئەپەندىم، جايناماز لىرىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

ئەپەندىم بۇ مەزىننى ئەيىبلەپ:

— سىزنىڭ مەسچىتىڭىزمۇ، ئۇنىڭ مەسچىتىمۇ ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆيى، جايناماز نى سىزنىڭ مەسچىتىڭىزگە سالسىمۇ، ئۇنىڭ مەسچىتىگە سالسىمۇ ئوخشاش گەپ، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# چاپاننىڭ ئىگىسى

بىر كۈنى بىر دېھقان چاپىنىنى يېپىنىپ، ئېتىنىڭ بېشىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوغرى كېلىپ ئۇنىڭ چاپىنىنى ئوغرىلىماقچى بولۇپ، ئەمدى قول سېلىشىغا، دېھقان ئويغىنىپ كېتىپ، ئوغرىنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، قازى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا، ھەر ئىككىسىلا چاپان مېنىڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، لېكىن ھەر ئىككىسىلا بىرەر ئىسپات تېپىپ بېرەلمەپتۇ. ئەپەندىم:

— ئۇنداق بولسا، ھەر ئىككىڭلار چاپاننىڭ ئىككى پېشىنى تۇتۇپ تۇرۇڭلار! — دەپتۇ ـ دە، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىككىسى چاپاننىڭ ئىككى پېشىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

خېلىدىن كېيىن ئەپەندىم تۇيۇقسىز:

— چاپاننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر! — دەپ ۋار-قىراپتۇ.

ھودۇقۇپ كەتكەن ئوغرى دەرھال چاپاننى تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەپەندىم چاپىنىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئوغرىنى تازا جازالاپتۇ.

(تۈركمەن)

# قىز ئايرىپ بېرىش

ئەپەندىمنىڭ ئىككى قوشنىسى بار ئىكەن. بۇ قوشنىلارنىڭ بىردىن قىزى بار ئىكەن. قىزلارنىڭ چىرايى ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقى ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئىككى قىز ئۆستەڭ بويىدا ئويناۋېتىپ، بىرى ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ. قالغان بىر قىزنى بۇ ئىككى قوشنا مېنىڭ قىزىم دېسە، مېنىڭ قىزىم دەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ئەپەندىم سەل ئويلانغاندىن كېيىن، يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ:

— بۇ بىر قىزنى بىرىڭلارغا ئايرىپ بەرسەم، يەنە بىرىڭلار چوقۇم مەندىن ئاغرىنىسىلەر. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ قىزنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ بېرەي، تەڭ بېرىمىدىن بۆلۈشۈۋېلىڭلار! — دەپتۇ ـ دە، پىچاقنى قىزغا تەڭلەپتۇ.

— ماقۇل، شۇنداقتا ئادىل بولىدۇ! — دەپتۇ بىرىنچى قوشنىسى.

— ياق، ياق، ئەپەندىم، بىچارە قىزىم هايات قالسىلا بولدى، كىشىلەرنىڭ قولىدا چوڭ بولسىمۇ مەيـ

لى! — دەپتۇ ئىككىنچى قوشنىسى.

ئەپەندىم قىزنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، قىزنى ئىككىنچى قوشنىسىغا ئايرىپ بېرىپتۇ.

(تۈركمەن)



# ئوغرىنى بابلاش

بىر كۈنى ئەپەندىم يىرىم كېچىدە قايتىپ كېلىپ، ئەمدى ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيىگە كىرىشىگە، بىر ئوغرى-نىڭ شارت قىلىپ مۆكۈنۈۋالغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ئەپەندىم چاندۇرماي ئاستاغىنە ئۇخلاپ قالغان خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ.

— يېرىم كېچىگىچە نەگە باردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى ئاچچىقلاپ. ئەپەندىم:

— ئاچچىقلانما، خوتۇن، ئەمدى بىز باي بولدۇق. مەن ھېلى سەلىم باينىڭ خەزىنىسىدىن بىر تاغار ئېسىل مال ئوغرىلاپ كېلىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئورىغا يو-شۇرۇپ قويدۇم، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئوغرى خۇشاللىقىدىن قولىغا ئالغان نەرسىلەرنى تاشلاپتۇ ـ دە، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئورىغا چۈشۈپتۇ. ئەپەندىم ئوغرىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئوغ-رى ئورىغا چۈشكەن ھامان، گۈپ قىلىپ ئورىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويۇپ:

— ھە، ئورىنىڭ ئىچىدە نېمە باركەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچنېمە يوقكەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغ-

رى.

— ھېچنېمە يوق يەرگە نېمىشقا چۈشتۈڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)



# كۆزى ئوچۇق قارىغۇ

ئەپەندىمنىڭ كۆزى ئاجىز بولغاچقا، داۋاملىق يول ماڭغاندا بىر پانۇسنى كۆتۈرۈۋېلىپ ماڭىدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىم پانۇسنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئۇدۇلدىن كەلگەن بىر ئادەم ئۇنى سوقۇۋېتىپ، ئەپۇ سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەپەندىمنى تىللاپ:

— هوي قارىغۇ، كۆزۈڭنىڭ قارىغۇلۇقىغا قارىماي، پانۇس كۆتۈرۈۋالغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ.

— سەندەك كۆزى بار قارىغۇلارنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئەزەربەيجان)

# قېرىپ ئۆلۈشنى تاللىدىم

بىر كۈنى ئەپەندىم پادىشاھنىڭ ئاچچىقىنى بەكلا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھ غەزەپ بىلەن: «جاللات» دەپ ئەپەندىمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

ئەپەندىم قورققىنىدىن تىزلىنىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ھەزرىتىم، بىر قوشۇق قې- نىمدىن كەچسىلە! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس! بىراق قانداق ئۆلۈشۈڭنى ئۆزۈڭ تاللىۋال! — دەپتۇ پادىشاھ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم دەرھال:

— خوپ، ئۇلۇغ تەڭدىشى يوق شاھىم، يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن دەپتىكەن، پادى- شاھىم گەپلىرىدىن يېنىۋالمىسىلا! — دەپتۇ.

— گېپىڭنى ئاز قىل، ھە، زادى قانداق ئۆلى- سەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۇنداق بولسا مەن قېرىپ ئۆ- لۈشنى تاللىدىم! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# بىزنىڭ توخۇلار

ئەپەندىمنىڭ قوشنىسىنىڭ توخۇلىرى كۈندە ئەپەندىمنىڭ قورۇسىدىكى گۈللۈككە كىرىپ، گۈللۈكتىكى چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنى چوقۇلاپ ئارام بەرمەيدىكەن. ئەپەندىم بۇنىڭغا زادى ئامال قىلالماي، بىر كۈنى گۈللۈككە يوغان تۇخۇمدىن بەشنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ قوشنىسى ئەپەندىمنىڭ قورۇسىغا كىرگەنىكەن. ئەپەندىم دەرھال ھېلىقى يوشۇرۇپ قويغان بەش تۇخۇمنى ئېلىپ:

— بىزنىڭ بۇ توخۇلار كۈندە مۇشۇنداق نوچى تۇخۇملارنى تۇغۇپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قوشنىسىنىڭ توخۇلىرى ئىككىنچى ئەپەندىمنىڭ گۈللۈكىگە كىرمەيدىغان بوپتۇ.

(تۈركمەن)

# چاپىنىڭىزنى ئىلىپ قويىمىز

بىر باي ئەپەندىمنىڭ ئاشپۇزۇلىغا كىرىپ قورسى-قىنى تازا تويدۇرغاندىن كېيىن، يانچۇقلىرىنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ئاپلا، ھېلى يانچۇقـۇمـدا ئون تەڭگە تۇراتتـى، نەگـە چـۈشۈپ قالغاندۇ؟» دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئىسمىڭىزنى تامغا خەتلەپ قويساق، كېلەر قېتىم كەلگەندە بىراق تۆلىۋەتسىڭىز بولىدۇ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باي دەرھال:

— ياق - ياق، ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ئەپەندىم، ئىسمىمنى تامغا يېزىپ قويسىڭىز، ھەممە كىشى كۆرسە مېنى نېمە دەيدۇ؟ — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئەنسىرىمەڭ، ئىسمىڭىز بار يەرگە قوزۇق قې-قىپ، ئۇچىڭىزدىكى چاپىنىڭىزنى ئىلىپ قويىمىز! — دەپتۇ.

(تۈركمەن)

# مەرگەنلىكتە چاتاق يوق

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ئانچە ئۇستا مەرگەن بولمىغاچقا، ئاتقان ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر كۈن يۈرۈپ، قۇرۇق قول قايتىپتۇ.

قايتىپ كەلگەندە ۋەزىرلەرنىڭ بىرى:

— شاھىم، بۈگۈنكى شىكارلىرى ھوسۇللۇق بولغاندۇ! — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال پادىشاھتىن بۇرۇن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھىمنىڭ مەرگەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن جانىۋارلارنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشىدا تېخىمۇ گەپ يوق ئىكەن!

(تۈركمەن)

## دېڭىز سۈيى

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دېڭىز سۈيى نېمىشقا تۇزلۇق بولىدۇ؟

— دېڭىز دېگەن ئاقمايدىغان چوڭ كۆل، تۇزلاپ تۇرمىسا، قۇرتلاپ كەتمەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئەزەربەيجان)

## ئاشخانا

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى چىرايلىق بىر ساراي سالدۇرۇپتۇ. ئۇ ئەپەندىمنى باشلاپ يۈرۈپ، ئالدى قو-رۇدىن كەينى قورۇغىچە، سارايىنىڭ ئالدىدىن ئارقىغى-چە، ئۈستىدىن ئاستىغىچە، ئىچىدىن تېشىغىچە ئالا قويماي ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپتۇ. چۈش ۋاقتىمۇ ئۆ-تۈپ كېتىپتۇ، زادى گېپى تۈگىمەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ دۇتار چېلىپ كېتىپتۇ، ئەپەندىم ئا-غىنىسىنىڭ گېپىنى شارتلا بۆلۈپ:

— ماڭا ئاشخانىڭىزنى كۆرسەتسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.

ئاغىنىسى خۇشال بولۇپ، ئەپەندىمنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئاشخانا ھەقىقەتەن كەڭ، ئازادە سې-لىنغانىكەن، ئاغىنىسى ماختىنىپ ئەپەندىمدىن:

— قانداق، بولامدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قالتىس ياخشى بوپتۇ، ئادەمنىڭ بىر كۆرۈپلا ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كېتىدىكەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# مازار بىلەن بازار

ئەپەندىم يېزىدىن بازارغا كېتىۋېتىپ، يولدا بىرمۇنچە شەھەرلىككە ئۇچراپ قاپتۇ.

ئەپەندىم ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— نەگە ماڭدىڭلار؟

— مازارغا، ساۋاب تاپقىلى كېتىۋاتىمىز! سىزچۇ؟

— بازارغا ئوينىغىلى كېتىۋاتىمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# گەپ بىلىدىغان ئېشەك

ئەپەندىم مەزىن ئاخۇنۇم بىلەن بىر توپ قارىياغاچ- نىڭ تۈۋىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئېشەك قا- رىياغاچنىڭ سايىسىگە كېلىپ، ئۈستىدە غىڭشىلداپ ئۈ- چۈپ يۈرگەن پاشىنى ھەدەپ بېشىنى پۇلاڭلىتىپ قورۇ- غىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم قانداقتۇر بىر نەرسىنى خىيا- لىغا كەلتۈرۈپ، ئېشەككە:

— ماقۇل، ئەتە كەلگىن، — دەپتۇ.

ئېشەك يەنە بېشىنى پۇلاڭشىتىپ پاشىنى قورۇپ- تۇ. مەزىن ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئېشەككە گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ؟ ئۇ گەپ بىلەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، مەزىن ئاخۇنۇم، بۇ گەپ بىلىدىغان ئېشەك، ئىشەنمىسىڭىز مۇشۇ يەردىلا سىناپ كۆرەيلى. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېسەم، قوشۇلغۇسى كەلمىسە چوقۇم بېشىنى چايقاپ، قارشىلىق بىلدۈر- دۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، بوردىغان قو- يۇم سىزنىڭكى بولۇپ كەتسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسىچۇ؟ — دەپتۇ مەزىن.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، سىزگە بىر قوينىڭ پۇلىنى بېرەمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

مەزىن ئىككى گۇۋاھچىنى تېپىپ كېلىپ، ئەپەندىمنى ئېشەككە گەپ قىلىڭ دەپ قىستاپتۇ. ئەپەندىم ئېشەكنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاغزىنى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا چاپلاپ تۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلىپ، ئاستا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە تۆكۈرۈپ قويۇپتۇ. قۇلاققا كىرگەن تۆكۈرۈك ئېشەكنى چىچاڭشىتىۋېتىپتۇ، ئېشەك ھەدەپ قۇلىقىنى پۇلاڭشىتىپ، بېشىنى چايقىغىلى تۇرۇپتۇ.

— قانداق؟ مەزىن ئاخۇنۇم! — دەپتۇ ئەپەندىم كۆرەڭلەپ.

— بوپتۇ، مەن يېڭىلدىم، ھېلىقى قويۇم سىزنىڭكى بولسۇن. ئەمما سىزدىن سورايدىغىنىم شۇكى، سىز ئېشەككە نېمە دېۋىدىڭىز، ئېشەك قوشۇلماي، بېشىنى مۇنداق چايقاپ كەتتى؟ — دەپتۇ مەزىن.

— مەن ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ بۇ مەزىنىمىز ئەزان ئېيتسا ئۇنى خىرىلداپ كېتىدۇ، سېنىڭ ئۇنىڭ جاراڭلىق ئىكەن، سەن ئۇنىڭ ئورنىدا مەزىن بولساڭ بولامامدۇ؟» دېۋىدىم، ئۇ ئۇنىمىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# غەلىتە چۈش

بىر كىشى ئەپەندىمگە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— ئەپەندىم، مەن بۈگۈن ئەمەسلا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئۆتۈكۈمنى بىر چاشقان ھەدەپ غاجىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر نەرسە دەپ بېقىڭە، بۇ غەلىتە چۈشمىكەن؟

— بۇ قانداق غەلىتە چۈش بولسۇن، ئەگەر ئۆتۈكىڭىز چاشقاننىڭ ئاغزىنى غاجاۋاتقان بولسا، ئاندىن ئۇ غەلىتە چۈش بولغان بولاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# زىنداندا كۆرۈشەيلى

پادىشاھنى خاپا قىلىپ قويغان ئەپەندىم ئوردىدىن ئاران قېچىپ چىقىپ، يولدا قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ئوغرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئوغرى:

— قەيەر تىنچتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن.

— ئاۋۇ يەر، — دەپتۇ ئەپەندىم ئالدىراپ.

— بىز يەنە قاچان كۆرۈشەرمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرى.

ئەپەندىم قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— زىندانغا قامالغاندا! — دەپتۇ جاۋاب بېرىپ.

(ئۇيغۇر)

# چاپىنىم يىقىلىپ چۈشتى

ئۆگزىگە چىقىمەن دەپ ئاۋايلىمىغان ئەپەندىم شوتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدە قىمىر قىلماي خېلى ۋاقىتقىچە يېتىپتۇ. قوشنىلىرىدىن بىرى كۆرۈپ قېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاپىنىم يىقىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز نېمىشقا يەردە ياتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىسى هەيران بولۇپ.

— هەي ئەخمەق، چاپاننىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئەمەسمۇ! ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# يىتۈپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى دەريا بويىدا گۆش پىشۇ-رۇپ يەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. ئەپەندىم پادىشاھنىڭ غەرىزىنى ئاللىقاچان تۇيۇپ: «پا-دىشاھ مازاق قىلىشتىن بۇرۇن پادىشاھنى بىر مات قىلمايمۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەپەندىم ناھايىتى ياخشى بىر پەيتنى تېپىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ياقۇت قوندۇرغان قىلىچىنى تۇيدۇرماستىن دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

گۆش پىشقاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەل-تۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ قىلىچىنى ئىشلەتمەكچى بولۇپ ئىزدەپتۇ. قارىسا قىلىچى يوق تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن:

— قىلىچىمنىڭ نەدىلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئىززەتلىك پادىشاھىئالەم، ئەگەر مەن قىلىچى-ڭىزنىڭ نەدىلىكىنى بىلسەم، قىلىچىڭىز يىتۈپ كەت-كەن ھېسابلىنامدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم تەمتىرىمەي.

— ئەلۋەتتە ھېسابلانمايدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا، ئىززەتلىك پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئەپەندىم خۇشال ھالدا، — سىزنىڭ قىلىچىڭىز

يېتىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىمەن.

— قىلىچىم نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— دەريانىڭ تېگىدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# ئالدىمىزدىمۇ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ

بىر كۈنى ھاۋا ئىسسىپ بەك دىمىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئىسسىقتا چىدىمىغان ئەپەندىم سەگىدىگىلى چىقىپتۇ ۋە «يامغۇر ياغسىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن دېگەندەك يامغۇر يېغىپتۇ. ئەپەندىم راھەتلىنىپ ئاستا مېڭىپتۇ.

ئەپەندىمنى تونۇيدىغان بىر يولۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئەپەندىم ئىتتىك ماڭماي نېمە قىلىۋاتىسىز، يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئالدىرىماڭ، ئالدىمىزدىمۇ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(قازاق)**

# تورغاي بىلەن قۇشقاچ

پادىشاھنىڭ قۇشقاچقا ئوخشايدىغان بىر تورغىيى بار ئىكەن. پادىشاھ تورغايغا ئوخشايدىغان يەنە بىر قۇشقاچنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ، ئىككىسىنى بىر قەپەسكە سالدۇرۇپتۇ، ئاندىن ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ ئىككى قۇشنىڭ قايسىسى قۇشقاچ، قايسىسى تورغاي، ئايرىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم بۇ ئىككىسىگە قاراپ، قايسىسىنىڭ قۇشقاچ، قايسىسىنىڭ تورغاي ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي تۇرۇپ كېتىپ:

— قۇشقاچنىڭ يېنىدىكىسى تورغاي، تورغاينىڭ يېنىدىكىسى قۇشقاچ، — دەپتۇ.

(قازاق)

# ئۆينى هويلىغا كۆچۈرۈك

قوشنىسى ئەپەندىمگە ئەھۋال ئېيتىپ:

— ئۆيۈمگە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كۈن چۈشمەيدۇ، بەك زەيلىشىپ كەتتى، — دەپتۇ.

— ھويلىڭىزغا كۈن چۈشەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— كۈن چۈشىدۇ، — دەپتۇ قوشنىسى.

— تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كۈن چۈشەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم يەنە.

— شۇنداق، ئەتىگەندىن كەچكىچە كۈن چۈشىدۇ، — دەپتۇ قوشنىسى.

— ئۇنداق بولسا، ئۆيىڭىزنى ھويلىڭىزغا كۆچۈرۈۋالسىڭىز بولغۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئۇزۇن بۇرۇن

ئۇزۇن بۇرۇن بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— خۇدايىم مېنىڭ ئۇزۇن بۇرنۇمنى سىزگە بەرگەن بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

— ئېشىكىمگە ئوقۇر قىلىپ بېرەتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن بۇرنۇمنى سىزگە بېرەي! — دەپتۇ ئۇزۇن بۇرۇن.

— ئۇ چاغدا مەن بۇرنىڭىزنى قەبرىڭىزگە تاشپۇتۇك قىلىپ قاداپ قويىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# مەيدە ئاغرىقى

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى كېلىپ دەردىنى ئېيتىپتۇ:

— ئەپەندىم، مېنىڭ مەيدەم بەك ئاغرىيدۇ، خۇدى بىر چاشقان كىرىۋېلىپ غاجىلاۋاتقاندەك.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، سىز چوڭراق بىر مۈشۈكنى تېپىپ يۇتۇۋېتىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)



# خۇدا نەدە

بىرى ئەپەندىمدىن:

— خۇدا نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر خۇدا مېنى چىللاپ زىيارەتكە باغاق ئەۋەتسە، مەن چوقۇم باغاق ئەكەلگۈچىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، خۇدانىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىۋالىمەن.

(ئۆزبېك)

# سولخاي جانىۋار

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاغىنىلىرى بىلەن سەپەرگە چىقماقچى بوپتۇ. ئەپەندىم مىنمەكچى بولغان ئات كۆز-دۈرگىلى ئۇزاق بولمىغان، شاشراق بىر ئات ئىكەن.

ئەپەندىم بۇ ئاتنى مىنەلمەي قالسام ئاغىنىلىرىم مازاق قىلمىسۇن دەپ، ئاتنى يۈگىنىدىن چىڭ تۇتۇپ، تەسلىكتە بىر تاشنىڭ يېنىغا ئاپىرىپتۇ، ئاندىن تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ مىنەي دەپ تۇرۇشىغا، بۇ شاش ئات بىر ئۆرۈلۈپلا ئەپەندىمگە سول تەرىپىنى قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەپەندىم ئۈلگۈرەلمەي ئوڭ پۇتىنى ئارتىپ-تىكەن، ئاتقا تەتۈر مىنىپ قاپتۇ.

— ئوھوي ئەپەندىم، ئېتىڭىزنىڭ بېشى كۆتىڭىز-گە ئۇدۇل كېلىپ قاپتىغۇ؟ — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ ئاغىنىلىرى.

— ياق، ئاغىنىلەر، خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، بۇ جانىۋار سولخاي، مەن بولسام ئوڭخاي، شۇڭلاشقا ئاتقا تەتۈر مىنىپ قالدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئۆپكە - ھېسىپ

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسا، ئۆپكە - ھېسىپ قويۇپ بېرىپتىكەن، ئەپەندىمگە بەك تېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئاغىنىسىدىن بۇ غىزانى قانداق ئېتىشنى سوراپتۇ. ئاغىنىسى دەپ بەرسە، ئەپەندىم: «خاتىرەم ياخشى ئەمەس، قەغەزگە يېزىپ بېرىڭ» دەپ قەغەزگە يازدۇرۇۋاپتۇ.

ئەپەندىم ئەتىسى ئۆپكە - ھېسىپ يېمەكچى بولۇپ، قاسساپتىن ئۆپكە - ھېسىپ ئەكېلىپ، پېشايۋاننىڭ تۇۋرۇكىگە ئېلىپ قويۇپتىكەن، پەس ئۇچۇپ يۈرگەن بىر سار كېلىپ ئۇنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەپەندىم قىلچە پەرۋا قىلماي ئاسمانغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئەخمەق سار، ئۆپكىنى ئېلىپ قاچقىنىڭ بىلەن قەغەز مېنىڭ قولۇمدا، بەربىر قويۇپ يېيەلمەيسەن!

(ئۇيغۇر)

# ئەقلىڭ يەتمىسە...

بىرى ئەپەندىمدىن:

— بىرەر ئىشنىڭ تېگىگە ئەقىل يەتمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەقلىڭ يەتمىسە، ئەقلىڭگە سۇ پۈركۈپ تارتساڭ ئۈزىرايدۇ. سۇ پۈركۈمىسەڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق

ئەپەندىمنىڭ يېزىلىق بىر ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن شەھەردىكى بىر ئاغىنىسىگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— جېنىم بىلەن يېزىپ بېرەتتىم، ئاغىنە، بىراق شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ ئەپەندىم. ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، سىزنى شەھەرگە بېرىڭ دېگىنىم يوق، خەت يېزىپ بېرىڭ دەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— رەنجىمەڭ، ئاغىنە، مەن يازغان خەتنى ئۆزۈمدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمايدۇ. سىزگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئاغىنىڭىزگە ئۆزۈم بېرىپ ئوقۇپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## ئۇيقۇمنى ئىزدەپ

بىر كۈنى كېچىسى ئەپەندىم بازاردا كېتىۋاتسا بىر مىرشەپ بېگى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كېچىسى بازاردا نېمە قىلىپ يۈردىسىز؟

— بۈگۈن ئۇيقۇم قېچىپ كېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، ئۇيقۇمنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# مۇشۇك ۋە گۆش

ئەپەندىم ئۆيىگە ئۈچ جىڭ گۆش ئەكىلىپ، خوتۇنىغا چۆچۈرە ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. خوتۇنى گۆشنى شورپا سېلىپ يەۋېلىپ، ئەپەندىمگە سۇيۇقئاش ئېتىپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم خوتۇنىدىن:

— نېمىشقا چۆچۈرە ئەتمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— گۆشنى مۇشۇك يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال مۇشۇكنى تارازىغا سېلىپ تارتسا، مۇشۇك ئۈچ جىڭ چىقىپتۇ. ئەپەندىم خوتۇنىغا قاراپ:

— خوتۇن، مۇشۇك ئۈچ جىڭ چىقتى، ئەگەر بۇنى مۇشۇك دېسەك، گۆش قېنى؟ ئەگەر بۇ گۆش بولسا، مۇشۇك قېنى؟ — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

## پەم

ئەپەندىم ئېرىق بويىدا ئولتۇرسا، كىشىلەر شۇنداق دەپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، پەمىڭىز بولسا جاۋاب بېرىپ بېقىڭە، مۇشۇ ئېرىقتىكى سۇ نەچچە چېلەك چىقار؟

— ئەگەر چېلەك ئېرىقچىلىك بولسا، بىر چېلەك چىقىدۇ. چېلەك ئېرىقنىڭ يېرىمىچىلىك بولسا، ئىككى چېلەك چىقىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئالاقىسى زور

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، يۆتەل بولۇپ قالدىم، قانداق دورا ئىچسەم بولار؟

ئەپەندىم بىرئاز ئويلاپ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— سۈرگە ئىچىڭ.

— سۈرگىنىڭ يۆتەلگە نېمە پايدىسى بار؟

— پايدىسى بار، سۈرگە ئىچسىڭىز يۆتىلىشتىن ئېھتىيات قىلىسىز ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسىز

ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كۆزۈم ئاغرىپ قالدى، نېمە دورا قىلسام بولار؟

— مەن چىشىم ئاغرىغاندا، تارتقۇزۇۋېتىپلا قۇتۇلغان، كۆزىڭىزنىمۇ تارتقۇزۇۋەتسىڭىز سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بۇ قانداق ناماز

ئەپەندىم تەرەت ئالغاندا بىر پۇتىغا سۇ يەتمەي قاپتىكەن، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— ئەپەندىم، بۇ قانداق ناماز؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

ئەپەندىم:

— بۇ بىر پۇتىنىڭ تەرىتى يوق ناماز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ناسۋال

بىرى ئەپەندىمدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كېچىسى بېشىم ئاغرىپ چىقىدۇ. تېۋىپنىڭ قېشىغا بارسام، ناسۋال چەك ياكى بولمىسا تاماكا چەك دەيدۇ. قايسىسى تۈزۈكرەك؟

— تۆكۈرۈشتە تۇخۇنى دورىمىساڭلا ناسۋال تۈزۈك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# مۇساپىرمەن

ئەپەندىم باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندىم، بۈگۈن كۈنگە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن، تېخى بۇ يەر-نىڭ ئاي - كۈنى بىلەن تونۇشقىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# ئاش تۆكۈلۈپ كېتىدۇ

ئەپەندىم ئەتىيازدا بىر دېھقان ئاغىنىسىنىڭكىدە مېھمان بوپتۇ. ئاغىنىسى يوغان بىر قازاندا كۆممىقوناق كۆجىسى پىشۇرۇپ، قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ تاۋاقتا ئۇسۇپ ئاچىقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئاۋۋال بىر - ئىككى پىيالىدىن بوزمۇ ئىچىشكەنىكەن. ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇرىسىگە قولىنى قويۇپتىكەن، ئەپەندىم ئاغىنىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— ھوي، ھوي، مېنى قىمىرلاتماڭ، ئاش تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# كىشىلەرنىڭ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن

ئەپەندىم ئوغلى بىلەن بىر ئېشەككە مىنىپ كېتىپ بارسا، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— قاراڭلار، بىر ئېشەككە ئىككى كىشى مىنىۋالـ غىنىنى! — دەپ كۈلۈشۈپتۇ. ئەپەندىم ئوغلىنى ئېـ شەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئېشەكنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ:

— قېرىغاندا ئۆزى ياياق مېڭىپ، بالىسىنى ئېـ شەككە مىندۈرۈپ قويغىنى قىزىق ئىكەن، — دەپ يەنە كۈلۈشۈپتۇ.

ئەپەندىم بۇ كۈلكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزى ئېـ شەككە مىنىپ، بالىسىغا ئېشەكنى ھەيدىتىپتۇ. كىشىـ لەر يەنە:

— كىچىككىنە بالىنى ياياق قويۇپ، ئۆزى ئېشەكـ كە مىنىۋالغىنىنى قارىمامدىغان، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، ئېـ شەكنى مۈرىسىگە ئارتىپتۇ. بالىسى ھەيران بولۇپ:

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كىشىلەرنىڭ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال قالمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئەپەندىمنىڭ مۆچىلى

ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، مۆچىلىڭىز نېمە؟
— مۆچىلىم ئەجدىھا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— ئەجدىھا دېگەنمۇ مۆچەل بولامدۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
ئەپەندىم دەرھال:
— تۇغۇلغىنىمدا مۆچىلىم يىلان ئىكەن، ھازىر قىرىق ياشقا كىردىم، قىرىق يىلدا يىلان ئەجدىھا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# مەن ئۇخلىۋالدىم

بىر كۈنى كېچىسى ئەپەندىم ئۇخلىيالماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

خوتۇنى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا ئۇخلىماي ئولتۇرۇۋالدىڭىز؟

— مەن ئۇخلىۋالدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قاچان ئۇخلىۋالدىڭىز؟ — دەپتۇ خوتۇنى يەنە سوراپ.

— تۈنۈگۈن كېچە چۈشۈمدە ئۇخلاپتىمەن، بەلكىم شۇ ئۇيقۇ بۈگۈن كېچىنىڭ ئۇيقۇسى بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# دۇنيانىڭ غېمىدىن

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئوغلى:
— دادا، خۇدا ئادەمنى نېمىدىن ياسىغان؟ — دەپ سوراپتۇ.
— توپىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— قۇرۇق توپىدىنمۇ ياكى لايدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.
— توپىنى لاي قىلىپ ياسىغان، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— سامان قوشقانمۇ، قوشمىغانمۇ؟
— هەي نادان بالا، ئەگەر سامان قوشۇپ كاكۇل قىلمىسا، دادىڭ دۇنيانىڭ غېمىدىن بۇ چاغقىچە چاك-چاك يېرىلىپ كەتمەيتتىمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم ئۆستەڭ ياقىسىدا پۇت - قولىنى سوزۇپ خۇددى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ ياتسا، بىر كىشى كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇ ئېرىقنىڭ نەرىدىن ئۆتۈشكە بولىدۇ؟

— مەن تىرىك ۋاقتىمدا ئاۋۇ يەردىن ئۆتەتتىم، ئۆلگەندىن كېيىن قەيەردىن ئۆتۈشنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خۇدا قانداق كۆرسۇن

ئەپەندىم كۈندۈزلىرى كۆپ ئىشلەپ چارچاپ كەت-كەنلىكتىن، ئەتىگىنى ناماز بامداتقا ئۇلگۇرەلمەي قال-مەن دەپ، ئالدىراپ تەرەت ئېلىپ، يوگۇرگىنىچە ئى-شىكتىن چىقىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى، خوتۇنى:

— ئەپەندىم، نامازغا ماڭغاندا، ئالدىرىماي تەرەت ئېلىپ، «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتنى بې-سىپ چىقىدىغان، بولمىسا، ناماز راۋا بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئەخمەق خوتۇنسەن - دە، قاراڭغۇدا قايسى پۇتۇمنى ئاۋۋال باسقانلىقىمنى خۇدا قانداق كۆرسۇن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# مۇشۇكنى ئاداشتۇرۇش

نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ مۇشۇكى ناھايىتى چېچىلـ
غاق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم بۇ مۇشۇكنى تاشلىۋېـ
تىش ئۈچۈن ئۇنى قاپقا سولاپ شەھەر سىرتىغا ئەكېتىـ
ۋاتقاندا، بىر تونۇشى يولۇقۇپ قېلىپ:

— ئەپەندىم، نەگە كېتىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپـ
تۇ.

ئەپەندىم:

— بازارغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تونۇشى ھەيران بولۇپ:

— ھوي ئەپەندىم، بازار ئارقىدا قالدىغۇ! —
دەپتۇ.

— ئاستا گەپ قىل بۇرادەر، مۇشۇكنى ئاداشتۇـ
رۇۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئامانەت

ئەپەندىم بازاردىن بىر پىششىق توخۇنى سېتىۋېلىپ چايخانىدا يەپ ئولتۇرغانىكەن، بىر بىكار تەلەپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— ئاش بولسۇن، خېلى سېمىز توخۇمىكەن...، سول پۇتىنى ئۈزىتىۋېتىڭە، مېنىڭمۇ چىشىم ئۆتەرمىكىن، — دەپتۇ.

— ئۆزۈمنىڭكى بولسا جېنىم دەپ بېرەتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئامانەت توخۇ بۇ.

— بەللى، بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دەپتۇ بىكار تەلەپ، — يەۋاتقان نەرسىڭىز ئامانەت بولامدۇ؟

ئەپەندىم توخۇنى پاك - پاكىز يەپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇرادەر، ھېلىقى توخۇ بايا ئامانەت ئىدى، ھازىر ئۆزۈمنىڭ بولدى، ئەمدى سورىسىڭىز بولىدۇ.

(ئەزەربەيجان)

# يۇمىلاق سۇ


ئەپەندىمگە بىر ئاغىنىسى بىر تال شاپتۇل بېرىپ:

— مەن بۇنىڭ ئۇرۇقىنى بەدەخشاندىن ئەكەلگەن، — دەپ ماختىنىپتۇ.

ئەپەندىم شاپتۇلنى يەپ:

— بەدەخشاندىڭ سۇيى يۇمىلاق بولىدىكەن - دە! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# قانداق كەلسە، شۇنداق ئۇرۇش

بىر كۈنى ئەپەندىم پالتا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن، ئالدىدىن دورغىنىڭ ئىتى چىقىپ ئەپەندىمگە ئېتىلىپتۇ. ئەپەندىم پالتا بىلەن ئىتنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ. ئىت تىن تارتماي ئۆلۈپ قاپتۇ. دورغا چىقىپ:

— ھەي ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئىتىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسىزغۇ؟! ھېچبولمىسا، پالتىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرسىڭىز بولمامتى! — دەپتۇ.

— ئىتىڭىز باشچىلاپ كەلدى، شۇڭا پالتىنىڭ بېشى بىلەن ئۇردۇم. ئەگەر ئىتىڭىز كەينىچىلەپ كەلگەن بولسا، پالتىنىڭ سېپى بىلەن ئۇراتتىم. قانداق كەلسە شۇنداق ئۇرۇش دېگەن شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# گۆركار

ئەپەندىم بىر زاراتگاھلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر خوتۇننىڭ بىر قەبرە يېنىدا ئولتۇرۇپ ئېچىنىشلىق ھالدا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— نېمىگە يىغلاۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېرىمگە يىغلاۋاتىمەن! — دەپتۇ خوتۇن.

— ئۇ ھايات ۋاقتىدا نېمە ئىش قىلاتتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— گۆركار ئىدى، — دەپتۇ خوتۇن.

— ئۆزى كولىغان گۆرگە ئۆزى چۈشۈپتۇ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ ئەپەندىم.

**(تۈرك)**

# ئالارمەننىڭ دۇئاسى

ئەپەندىم قاتتىق ئاغرىپ قالغانىكەن، ئالارمەنلەر ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.

— سىلەر مەن ئۈچۈن بىر دۇئا قىلىپ قويساڭلار، — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇلارغا يېلىنىپ، — مەن سىلەرنىڭ ئېلىشىڭلارنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن خۇدا مېنىڭ جېنىمنى ئالغان بولسا.

ئالارمەنلەر دۇئانى قىلىپ بولۇپ تەڭلا سۆزلەپتۇ:

— بىزنىڭ دۇئايىمىزنى خۇدايىم مەقبۇل كۆردى.

— بارىكاللا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەمدى مەن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بولدۇم.

(تۈرك)

# ئاتنى تونۇش

ئەپەندىم بىر توپ سودىگەر بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇلار بىر قونالغۇغا چۈشۈپتۇ. كەچ بولغاندا ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئۇيلاپ قويماقچى بوپتۇ، ئەمما نۇرغۇن ئاتنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئېتىنى تونۇيالماپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كېلىپ:

— قوپۇڭلار، قوپۇڭلار، ئاتلىرىڭلارنى كۆكۈيۈن چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھەممەيلەن ئالدىراش - تېنەش ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ، ئۆز ئاتلىرىنى تېپىشىپتۇ. پەقەت بىرلا ئات ئېشىپ قاپتىكەن، ئەپەندىم بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ ئېتىنى تونۇۋاپتۇ.

(قازاق)

# ئىشەنمىسەڭلار ئۆلچەپ بېقىڭلار

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىسى ئەپەن-دىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلد-سىز، دۇنيانىڭ كىندىكى نەدە؟

— دۇنيانىڭ كىندىكى مەن تۇرغان يەردە، مەن تۇرغان يەر دۇنيانىڭ كىندىكى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم ئويلانماستىن.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىز تۇرغان يەر قىيپاش تۇرسا، قانداقسىغا دۇنيانىڭ كىندىكى بۇ يەردە بولسۇن؟ — ئاغىنىلىرى ئەپەندىمنىڭ جاۋابىغا قانائەت قىلماي قايتا سوراپتۇ.

— ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار ئۆلچەپ بېقىڭلار! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# خۇدانىڭ ئۆيى

بىر كۈنى كەچتە بىر كىشى ئەپەندىمنىڭ ئىشىكى-نى قېقىپتۇ. ئەپەندىم پەنجىرىنى ئېچىپ قارىسا، يات بىر كىشى ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىكەن.

ئەپەندىم سوراپتۇ:

— ئەزىز مېھمان، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— مەن خۇدانىڭ مېھمىنى، يىراق يەردىن كەل-دىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يات كىشى.

— خوش كەپسىز، بىراق، بۇ خۇدانىڭ ئۆيى ئە-مەس، خۇدانىڭ ئۆيى ئاۋۇ يەردە! — دەپ بىر مەسچىت-نى كۆرسىتىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئېشەك بار يەرگە

بىر كۈنى يۈزبېگى مېھمان چاقىرىپتۇ. مېھمانلار-نىڭ ئىچىدە ئەپەندىمۇ بار ئىكەن.

مېھمانلار كېلىپ بوپتۇ، پەقەت ئەپەندىملا كەلمەپ-تۇ. بىردەمدىن كېيىن ئەپەندىم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم، سىزنىڭ بېدىدەك ساقىلىڭىز پۇتى-ڭىزغا چىرمىشىۋېلىپ ۋاقتىدا كېلەلمىدىڭىزغۇ دەي-مەن! — دەپ قىزىقچىلىق قىپتۇ يۈزبېگى.

— توغرا، تەقسىر، ئېشەك بار يەرگە ئەلۋەتتە بىر ئاز بېدە ئالغاچ كېلىش كېرەك - تە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# سىزنى قوشقاندا بەش بولىدۇ

ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئەمما يېگىلا چوڭ جامەنىڭ ۋەزخانلىقىغا تەيىنلەنگەن بىر كىشى مەزىن ئەپەندىمگە چاقچاق قىلىپ:

— مەزىن ئاخۇنۇم، سىز مەزىن بولغاندىن بۇيان جەمئىي قانچە ۋەزخاننىڭ نامىزىنى چۈشۈردىڭىز؟ — دەپتۇ.

— بۇ قېتىم سىزنى قوشقاندا جەمئىي بەش بولىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ناسۇللىك بارمۇ

ئەپەندىم ئۆلۈپ دەپنە قىلىنغان هامان گۆرگە مۇنكىر ـ نەكىرلەر كىرىپ:

— رەببىڭ كىم؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم كۈلۈپ:

— چاقچىقىڭنى قوي، هازىر بىرىڭ سوراپ بولدۇڭ، ناسۇللىك بارمۇ؟ — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# قىيامەتتە

ئىمام نامازدىن كېيىن ۋەز قىلىپ قىيامەتتىن سۆز ئېچىپتۇ.

— قىيامەت كۈنى ئاتنىڭ تۇيىقىدەك يەردىن يەتتە-مىش ئىككى مىڭ ئادەم يالىڭاچ باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ...

ئەپەندىم سوراپتۇ:

— تەقسىر، ئادەملەر يالىڭاچ باش كۆتۈرسە، ئەر كىشى بىلەن خوتۇن كىشىنى قانداق ئاجراتقىلى بولىدۇ؟

(ئۆزبېك)

# ئۆننى ئاپىرىپ بەرگىن...

ئەپەندىم تۆگمەنگە ئۆن تارتقۇزغىلى بېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، شۇ ئارىدا ئېشىكى يېتۇپ كېتىپتۇ. ئېشەكنى ئىزدەپ كېتىپ بارسا، بىر چاقچاقچى ئاغىنىسى ئۇچراپ:

— ئېشىكىڭىز پالانى مەسچىتكە ئىمام بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم شۇ مەسچىتكە بېرىپ قارىسا، مېھرابتا يېڭى تەيىنلەنگەن ئىمام ئولتۇرغانىكەن. ئەپەندىم ئىمامنىڭ گەجگىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— يېڭى ۋەزىپەڭگە مۇبارەك، — دەپتۇ.

— قۇللۇق، سىزمۇ بىزنىڭ جامائەتتىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

ئەپەندىم ئۇنىڭغا دوق قىلىپ:

— بايا مېنىپ يۈرگىنىمدە تونۇيتتۇڭغۇ، ئەمدى تونۇماس بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ھېچبولمىسا، بۈگۈن ئۆننى ئۆيگە ئاپىرىپ بەرگىن، شۇنىڭدىن كېيىن تونۇمىساڭمۇ مەيلى.

ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ ئەپەندىمنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ. ئەپەندىم خاپا بولۇپ:

— ھەي، ياخشىلىق بىلمەس قارىغۇ! — دەپ مەس-چىتتىن چىقىپ كېتىپتۇ. تۇگمەنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، ئېشىكى ئوتلاپ يۈرگەنىكەن.

— رەھمەت، رەھمەت! سۆزۈمنى يەردە قويمىدىڭ. مۇشۇ ئۇننى ئاپىرىپ بەرگىن، ئاندىن مەسچىتتىگە بېرىپ ئىمامىلىقىڭنى قىلىۋەرگىن، — دەپتۇ ئەپەندىم خۇشال بولۇپ.

(ئۆزبېك)



# ئەمدى جىم ياتىمەن

ئەپەندىم كېچىسى قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىرمۇنچە ئاتلىق كىشىلەر چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم بۇلارنى ئوغرىمىكىن دەپ ئويلاپ، دەر- رۇ قەبرىستانلىقتىكى بىر ئوچۇق گۆرگە يوشۇرۇنۇۋاپ- تۇ. ئاتلىقلار ئەپەندىمنى كۆرۈپ قېلىپ، گۆرنىڭ ئاغ- زىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— كىمسەن؟ بۇ ياققا چىق!

— ئۆلۈكمەن، ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭلار، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۆلۈك بولساڭ، تالادا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ساياھەت قىلىپ يۈرگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۆلۈكمۇ ساياھەت قىلامدىكەن؟

— كەچۈرگەيسىلەر، ساياھەت قىلىپ خاتالىشىپ- تىمەن، ئەمدى جىم ياتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قازارا

ئەپەندىمگە قېرىلىق يېتىپتۇ. بىر كۈنى كېپەنگە ئوخشاش ئاق ماتانى يېپىنىپ بازارغا چىقىپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئۆيىڭىزدە بىرەرى قازا قىلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى.

— يېقىن ئاپاردىڭىز، — دەپتۇ ئەپەندىم دەرمانسىز ھالدا، — بۇ كۈن ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار، قازارا بىر كۈنى ماڭىمۇ ئەجەل يېتىپ قالسا، ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويمىساق بولامدۇ؟

(ئۇيغۇر)

# چىركىن قاغا

بىر كۈنى ئەپەندىم بىلەن خوتۇنى ئېرىق بويىدا كىر يۇيۇپتۇ. بىر چاغدا بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلار-نىڭ سوپۇننى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپتۇ.

— ئەپەندىم! — دەپ ۋارقىراپتۇ خوتۇنى، — قاراڭ، قاغا سوپۇنىمىزنى ئېلىپ قاچتى، چاققان قوغ-لاڭ!

ئەپەندىم ئۇچۇپ ئاللىقاياققا كەتكەن قاغىغا قاراپ، قىمىرلاپمۇ قويماستىن:

— ئۇنى قوغلاپ نېمە قىلىمىز، قارا، ئۇنىڭ قاپ-قارا كىرلىشىپ كەتكىنىنى، ئۇنىڭغا سوپۇن بىزدىنمۇ بەك كېرەك! — دەپتۇ.

(تۈرك)

# ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى

قوشنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئىمام ئاخۇنۇم ھەر كۈنى قۇرئان تەپسىر قىلىغاندا بىزگە دەيدىغان ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىك؟

ئەپەندىم قوشنىسى تۇرغان يەرگە بىر بەلگە قىلىپ قويۇپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى زاراتگاھلىقىقا مېڭىپتۇ.

— ھوي ئەپەندىم، نەگە بارىسىز؟ مېنىڭ سوئالىمغا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ قوشنىسى.

— سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەپ كېلەي، قايتىپ كەلگەندە سىزگە جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ئەپەندىم كېتىۋېتىپ.

(ئۇيغۇر)


# بۇ يەرنىڭ ئاي ـ كۈنى ماڭا يات

ئەپەندىم باشقا بىر شەھەرگە كەپتۇ. كوچىدا بىرى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۈگۈن ئايغا قانچە؟

— بۇ يەرگە دەسلەپ كېلىشىم، بۇ يەرنىڭ ھەممە ئىشى ماڭا يات، بۇ يەرنىڭ ئاي ـ كۈنى بىلەن تونۇشلۇـ قۇم بولمىسا، سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا قانداق جاۋاب بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)



# ئوخشاش كۆزدە قاراش

ئەپەندىم ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بىر نەچچە ئاغىنىسىنىڭ چىيىغا قاتنىشالماپتۇ. بۇ ئاغىنىلىرى ئەپەندىمدىن ئاغرىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز ھەمىشە ئادەمگە ئىككى خىل كۆزدە قارايدىكەنسىز، ئوخشاش كۆزدە قارىشىڭىز كېرەك.

بىر كۈنى ئەپەندىم ھېلىقى ئاغىنىلىرىمۇ قاتناشقان بىر چايغا قاتنىشىپتۇ. ئۇ بىر پارچە لاتا بىلەن ئوڭ كۆزىنى تېڭىۋېلىپ كىرىپ كەپتۇ، ھېلىقى ئاغىنىلىرى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئوڭ كۆزىڭىزگە نېمە بولدى؟ ئاغرىپ قالدىمۇ - يا؟

— ياق، ئوخشاش كۆزدە قاراش ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدە

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— دۇنيانىڭ جەننىتى نەدە؟

— يەر يۈزىدىن بىر گەز ئېگىزلىكتىكى يەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

ھېلىقى كىشى يەنە سوراپتۇ:

— سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— بىر كۈنى مەن قىرىق - ئەللىك چاقىرىم يەرنى ياياق مېڭىپ، چارچاپ ھالىم قالماپتۇ، پۇتلىرىم ئىششىپ كېتىپتۇ. كېيىن مەن ئېشىكىمگە مىنىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن جەننەتنىڭ بىر گەز ئېگىزلىكتىكى ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# خام كىشى خام ناننى يەك

بىر كىشى ئەپەندىمنىڭ ناۋايخانىسىدىن نان ئالماقچى بوپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ ساناپ باقسا، پۇل بىر نانىغا يەتمىگۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، مەن بىرئاز خامراق ئادەم، ھەمىشە بىر نەرسەمنى يىتتۇرۇپلا يۇرىمەن. بۇ يەرگە كەلگۇچە نان ئالماقچى بولغان پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى يىتتۇرۇپ قويۇپتىمەن، قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم، تونۇردىن تېخى پىشمىغان بىر خام ناننى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

— ئەمىسە، سىز خام نان يەڭ! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# كۆزسىز ئۇزۇك ۋە ئۆگزىسىز ئۆي

بىر كۇنى ياقا يۇرتلۇق بىر كىشى قولىدىكى مەرۋا-يىت كۆزى چۇشۇپ كەتكەن بىر ئۇزۇكنى چىقىرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئەپەندىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەپەندىم، مەن يا تۇغقىنىم، يا تونۇشۇم يوق ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرمەن، ئاڭلىسام سىزنى خۇداغا يېقىن ئادەم دەيدۇ. مەن ئۇچۇن بىر دۇئا قىلىپ قويۇ-سىڭىز، خۇدا ماڭا بىر ئېغىز ئۆي بەرسە! قىش كېلەي دەپ قالدى، يېتىپ - قوپىدىغان جايىم بولمىسا بولما-دۇ، بۇ ئۇزۇكنى قوبۇل قىلغايسىز! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۇرۇپ، خۇدا-دىن تىلەپتۇ:

— قادىر ئاللا ئىگەمسەن، بۇ بىچارە مۇساپىر ماڭا كۆزسىز ئۇزۇك تەقدىم قىلدى، ئۇنىڭغا بىر ئۆگزىسىز ئۆي ئىنئام قىلغايسەن، ئامىن!

(ئۆزبېك)

## بالامنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى

بىر كۈنى ئەپەندىم قارا كىيىم كىيىپ بازارغا چىقىپتۇ.

بىر كىشى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۆيىڭىزدە بىرەرى ئالەمدىن ئۆتتىمۇ، قارىلىق كىيىم كىيىۋاپسىزغۇ؟

— بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى، — دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)



# ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلىۋېلىڭ

ئەپەندىم تېۋىپلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر ئاغرىق كىشى كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مەن بەكلا ئۇنتۇغاق بولۇپ كەتتىم. ھەربىر ئىش يادىمغا كەلسە، خۇددى قانىتى بار دەك كاللامدىن يۈررىدە قىلىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئاما-لى بارمۇ؟

— ئامالى بار، — دەپتۇ ئەپەندىم قولىنى ئىملاپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئىش يادىڭىزغا كەلگەندە، ئۇنى ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلىۋېلىڭ!

(ئۇيغۇر)

# كەتمەن بىلەن كولاڭ

بىر كۈنى موللام ئېشىكىنى مىنىپ مەدرىسىگە مېڭىپتۇ، يولدا توساتتىن بىر قىرغاۋۇل پالاقشىپ چىقىپ، موللامنىڭ ئېشىكىنى ئۈركۈتۈۋېتىپتۇ. موللام بىر دۆۋە يانتاقنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈپ، قوللىرىغا تىكەن سانجىلىپ كېتىپتۇ.

موللام مەدرىسىگە كېلىپ، قوللىرىغا كىرىپ كەتكەن تىكەنلەرنى بىر تال يىڭنە بىلەن كولاپ ئالغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى ئەپەندىم كۆرۈپ قېلىپ:

— تەقسىر، ئالىقىنىڭىزغا كۆچەت تىككەن ئوخشىمامسىز؟ — دەپ چاقچاق قىپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ موللام جاۋابەن، — سىزنىڭ دادىڭىز بۇ كۆچەتلەرنىڭ ئۇچىنى ھەرىلەپ كېسىۋېلىپ، ئۆيۈڭلارغا لىم قىلىۋالغانىدى، ئەمدى مەن بۇ كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاۋاتىمەن.

— كىچىككىنە يىڭنە بىلەن كولىسىڭىز بەك ئاستا بولۇپ قالارمىكىن، كەتمەن بىلەن كولاڭ، تېزرەك بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مەن كۆپچىلىك ئالدىدا ناخشا ئېيتىسام ھودۇقۇپ كېتىپ ياخشى ئېيتالمايمەن. سىزچە قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن، — ناخشا ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا ئىككى قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ، ئۆزىڭىز ئېيتقان ناخشىنى ئاڭلىمىسىڭىزلا ھودۇقمايسىز.

(ئۇيغۇر)

# ئېھرام

ئەپەندىم بىر دەرەخ بېشىغا چىقىۋېلىپ، بىر تال شاخنىڭ ئۈستىدە خۇش پۇراق گۈللەرنى پۇراپ، قۇشلارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىر يولۇچى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز، ئەپەندىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ھەيۋەتلىك ئېھرامغا چىقىپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— بۇ يەردە ئېھرام نېمە ئىش قىلسۇن، يەنە كېلىپ ئېھرامغا چىقىدىغان تۆت يول بولۇشى كېرەك، ھەربىر يول ئېھرامنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشقان، بۇ بىر تۈپ دەرەخ ئىكەنغۇ!

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇ يەردىكى يوللار تېخىمۇ قىزىق، قۇشلار يولى، گۈل ـ چېچەكلەر يولى، شامال يولى ۋە ئاپتاپ يولى، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئېھرامدىن قېلىشىدۇ؟

(ئافغان)

# قۇملۇقتا يۈگۈرۈش

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاغىنىسىگە:

— قۇملۇقتا ماڭغان چاغلىرىمدا، بىر پۈتۈن بەدەۋىلەر* قەبىلىسىنى كېيىكتەك چاپتۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— قانداق ئۇسۇل بىلەن چاپتۇرۇۋېتىسىز؟

— بۇ ئاسان، مەن بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قاراپ يۈگۈرىدىغان بولسام، ئۇلار ئارقامدىن قوغلىشىپ يۈگۈرىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

* بەدەۋىلەر — سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى يەرلىك قەبىلىنىڭ نامى.

# خىيالدىكى پۇراق

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ بەك شورپا ئىچكۈسى كېلىپ كېتىپتۇ - دە، خوتۇنىغا:

— شۇ تاپتا بىر چىنە مەززىلىك شورپا بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىرى ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئەپەندىم ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، قوشنىسىنىڭ بالىسى بىر قۇرۇق چىنىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغۇدەك.

— ئەپەندىم، ئاتا - ئانام ئاغرىپ قالغانىدى، ئۆيلىرىدە مەززىلىك شورپا بولسا بىر چىنە بەرگەن بولسىلا؟ — دەپتۇ بالا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەپەندىم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ:

«خۇدايا تۈۋا، بىزنىڭ بۇ قوشنىلار خىيالىمدىكى مەززىلىك پۇراقنىمۇ پۇرىۋالغىنىنى قاراڭلار، ھېلىلا شورپىنىڭ تەمىنى خىيال قىلىپ تۇرسام، شۇ خىيالىمدىكى تەمنى سوراپ كىرگىنىنى قارىمامدىغان» دەپتۇ.

(تۈرك)

# ئىسمىڭمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ

بىر كۈنى ئەپەندىم كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئاغىنىسىغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇ كىشى ئەپەندىمگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ. ئەپەندىم كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا بىرنى ئۇرۇپ:

— ۋۇي، ھەسەن قارى، ئەجەب ئۆزگىرىپ كېتىپسىنا؟ ئاغىنەڭنىمۇ تونۇمايدىغان بولۇپ كېتىپسەن! — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، تونۇمايدىغان بىر كىشى، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن ھەسەن قارى ئەمەس، ئابدۇللا بولىمەن! — دەپتۇ.

ئەپەندىم خاتا تونۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال:

— پاھ - پاھ، ئىسمىڭمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ - دە! — دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# خۇدايىم بۇيرۇسا

بىر كۈنى ئەپەندىم پىيادە بازارغا كېتىۋاتسا بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نەگە ماڭدىڭىز؟

— ئۇلاغ بازىرىغا بېرىپ ئېشەك ئالغىلى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئەپەندىم، خۇدا بۇيرۇسا ئېشەك ئالغىلى دەڭ! — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— نېمىشقا؟ پۇل يانچۇقۇمدا، ئېشەك بازاردا تۇرسا! — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئەپەندىم ئۇلاغ بازىرىدا تازا زەن قويۇپ ئېشەك تاللاۋاتقان چاغدا، بىر ئوغرى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن پۇلىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم ئامالسىز ئاچچىق بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى ئاغىنىسى يەنە ئۇچراپ:

— ئەپەندىم، قېنى ئالغان ئېشىكىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خۇدا بۇيرۇسا، پۇلۇمنى ئوغرىغا بەردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# قوغداپ قالغانلىرىغا بارىكاللا

بىر كۈنى پادىشاھ شىكاردا ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇشنى كۆرۈپ قېلىپ، ئوقياسىنى تازا چەنلەپ بىر ئېتىپتىكەن، ئوق تەگمەي قۇش ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم:

— بارىكاللا! بارىكاللا! — دەپ ۋارقىراپ كې-تىپتۇ.

پادىشاھ:

— ھە، نېمە دەيسەن؟ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتام-سەن! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ.

— يوقسۇ، پادىشاھىم، مەن سىلىنىڭ ئاجىز جا-نىۋارلارنى قوغداپ قالغانلىرىغا بارىكاللا دەۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

**(تۈركمەن)**

# تەلىيىڭ مەندىن ياخشىكەن

بىر كۈنى ئەپەندىم بېلىق تۇتماقچى بولۇپ دەرياغا قارماق سېلىپ ئولتۇرغانىكەن، بىر ئاغىنىسى كېلىپ نېرىسىدا بېلىق تۇتماقچى بوپتۇ. بىراق خېلى ۋاقىتقىچە ھېچنېمە تۇتالماپتۇ.

— ئەپەندىم، بۈگۈن تەلىيىم قېچىپتۇ، ئۈچ سائەت ئولتۇرۇپ بىرەر بېلىقنىڭ بالىسىنىمۇ تۇتالمىدىم! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەپەندىمگە قاراپ.

— ھېلىغۇ ئۈچ سائەت ئولتۇرۇپسەن، مەن ئالتە سائەت ئولتۇرۇپمۇ ھېچنېمە تۇتالمىدىم، ماڭا قارىغاندا تەلىيىڭ بارىكەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئارغىماق مەندە قېلىۋەرسۇن

بىر كۈنى ئەپەندىم بىر باينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىشىك تۈۋىدە تازا كېلىشكەن بىر ئارغىماقنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تازا بىر مىنگۈسى كەپتۇ ـ دە، ئارغىماققا مىنىپ، راسا چېپىپ ئويناپتۇ.

بىر هازادىن كېيىن باي چىقىپ قارىسا باغلاقلىق ئارغىماق يوق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاقزادە بولغان هالدا ئەتراپقا قاراپ، يىراقتىن بىرىنىڭ ئارغىماقنى تازا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇ ئادەم يېقىن كەلگەندە:

— هەي، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالماي ئارغىماقنى مىنىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ غەزەپ بىلەن.

ئەپەندىم دەرهال:

— ئاچچىقلانمىسىلا تەقسىر، ئەگەر ئارغىماقلىرىنى مەن تۇتۇۋالمىغان بولسام، ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن بولاتتى! — دەپتۇ.

— قېچىپ كەتسە كەتمەمدۇ، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ — دەپتۇ باي.

— ئۇنداق بولسا، ئارغىمىقىم قېچىپ كېتىپتۇ دەپ ئۆيلىرىگە كىركىتىۋەرسىلە، ئارغىماق مەندە قېلىۋەرسۇن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)



# قايناق سۇدا تەرەت ئېلىش

بىر كۈنى ئەپەندىم مولللامىنىڭ «ۋاي ـ پا، ۋاي ـ پا» دېگىنىچە قايناق سۇدا تەرەت ئېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ جۈمە نامىزىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

يەنە بىر جۈمە كۈنى ئەپەندىم نامازغا سەل كېچىكىپ كەپتۇ، نامازدىن كېيىن ھېلىقى موللام:

— ئەپەندىم، تەرەت ئالىدىغانغا ئىسسىق سۇ تاپالماي قالدىڭىزمۇ نېمە؟ نامازغا كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— يوقسۇ، ئۆيدە قايناق سۇغۇ بار ئىدى، سىلىدەك قايناق سۇدا تەرەت ئېلىپ، چىچاڭشىپ جۈمەگە ماڭغاندىن كۆرە، ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، سوغۇق سۇدا تەرەت ئالىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# تۆت قىز چىقارغاننىڭ ئۆيى

بىر كېچىسى ئەپەندىمنىڭ مەھەللىسىگە ئوت كېتىپ، مەھەللىدىكىلەر قوشنا مەھەللىگە كۆچۈشكە باشلاپتۇ. ھەممەيلەن كۆرپىسىنى ھارۋىغا بېسىپ كۆچكەندە، ئەپەندىم بىر پالاس، ئىككى يوتقان، ئىككى ياستۇقنى دۈمبىسىگە ئارتىپ مېڭىپتۇ.

يولدا مەھەللىلىكلەردىن بىرى ئەپەندىمنىڭ يۈكىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— كۆرپىڭىزنىڭ بارى مۇشۇمۇ؟ قانداق ئۆي بۇ؟

— تۆت قىز چىقارغاننىڭ ئۆيى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

************************

# لەتىپە

بىر كۈنى ئەپەندىم سەرراپقا كېتىۋاتسا، يولدا مەھەللىنىڭ ياشلىرى توسۇۋېلىپ:

— ئەپەندىم، بىزگە بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. ئەپەندىم:

— بىر كۈنى نەسرىدىن ئەپەندى سەرراپقا چۈشۈپتۇ، — دەپلا توختاپ قاپتۇ.

— كېيىن نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ياشلار.

— تېخى سەرراپقا چۈشمىسەم، نېمە بولغىنىنى نەدىن بىلەي، — دەپتۇ ئەپەندىم. ياشلار:

— بوپتۇ، قالغىنىنى سەرراپتىن قايتقاندا ئاڭلايلى، — دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ سەرراپتىن قايتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم سەرراپتىن قايتقىنىدا ياشلار يەنە سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سەرراپقا چۈشكەندە نېمە بوپتۇ؟

— ئەخمەقكەنسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — باشقىلار سەرراپقا چۈشسە ھېچنېمە بولمايدىيۇ، ئەپەندىم چۈشسە نېمە بولاتتى، ھېچنېمە! — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# كىچىككىنە سەللە ئۆچۈن

نەسرىدىن ئەپەندى ئادەتتە سەللە ئورىمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ئۆيىدىكى ئاق لۆڭگىنى سەللە قىلىپ ئوراپ بامدات نامىزىغا بېرىپتۇ. ئەپەندىم مەسچىتتىن قايتىپ ھويلىسىغا كىرسە، ئىتى تونۇماستىن قاۋىغىنىچە ئەپەندىمگە ئېتىلىپتۇ. ئەپەندىم بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ كەينىگە تىقىپتۇ ـ دە:

— ھەي ـ ھەي، كىچىككىنە سەللە ئۈچۈن شۇنچىلىك قىلىسەنۇ، قازى ـ ئىشان، ئىمام ـ موللىلارنى كۆرسەڭ يەپلا قويىدىغان ئوخشايسەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئەخمەق پەرىشتە

يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ قالغان بىر بويتاق ئەپەن-دىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئادەم خوتۇن ئالمىسا نېمە بولىدۇ؟

— خوتۇن ئالمىغان كىشى پەرىشتە بولۇپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مانا، مەن ئۇچۇپ كەتكىنىم يوققۇ! — دەپتۇ ئۇ كىشى.

ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— تولىمۇ ئەزمە ئادەم ئىكەنسىز! پەرىشتىلەر ئىچىدىمۇ بىرەر - يېرىم ئەخمىقى بولىدۇ - دە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئەپەندىم بىنامازلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ سوراققا تارتىلىپتۇ.

ئەپەندىم بىنامازلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ سوراققا تارتىلىپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمىشقا مەسچىتكە چىقمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— يالغان، — دەپتۇ قازى، — ئۆيىڭىزدە ئوقۇسىڭىز ئېيتىپ بېقىڭە، خۇپتەن نەچچە رەكەت؟

— يىگىرمە رەكەت، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم.

قازى ئەپەندىمنى دەررىگە بېسىشقا بۇيرۇپتۇ. دەررە يەۋاتقان ئەپەندىمگە ئىچ ئاغرىتقان بىر كىشى ئاستا پىچىرلاپتۇ:

— ئەپەندىم، ئون رەكەت دەڭ، قۇتۇلىسىز.

— يىگىرمە دېسەم بۇنچىلىك ئۇرۇۋاتىدۇ، ئون دېسەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويار! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بوپتۇ

ئەپەندىم ئۇخلاۋېتىپ خوراز سېتىپ چۈش كۆرۈپ-
تۇ. ئەپەندىم خورىزىنى ئون بەش تەڭگە دەپتۇ. خېرى-
دار بەش تەڭگىگە سوراپتۇ. شۇ تەرىقىدە سودىلىشىپ،
خورازنىڭ نەرخى توققۇز تەڭگىگە چىققاندا ئەپەندىم ئويـ-
غىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا چۈشى ئىكەن. ئەپەندىم دەر-
هال كۆزىنى يۇمۇپتۇ ـ دە، قولىنى سوزۇپ:
«بوپتۇ، توققۇز تەڭگە بولسىمۇ بېرىپ، خورازنى
ئەكېتىڭلار» دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئوينىۋالسۇن

ئىمام ئەپەندىمنى روزا تۇتماپسەن دەپ ئەيىبلەپ، قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى ئەپەندىمگە كايىپ:

— ئەپەندىم، دىندىن تاندىڭىزمۇ، نېمىشقا روزا تۇتمايسىز؟ — دەپتۇ.

— تەقسىر، يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان روزىنى تۇتۇپ نېمە قىلىمىز، ئەركىن ـ ئازادە ئوينىۋالسۇن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەمدىكىسىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ

بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كېتىۋاتسا، تام قوشنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاخشام ھويلاڭلاردا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتىغۇ، نېمە بولدى؟

— ھېچ گەپ يوق، ئۆيدىكىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ قالدۇق! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە گۈرسۈلدىگەن ئاۋاز چىقتى، ئۇ نېمە؟

— پەرىجەم سۈپىدىن چۈشۈپ كەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. قوشنىسى ھەيران بولۇپ:

— پەرىجىمۇ گۈرسۈلدەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەمدىكىسىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ، پەرىجەمنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم بولغاندىن كېيىن گۈرسۈلدىسىمۇ گۈرسۈلدىگەندۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# خىجىللىق

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال قۇرۇق ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. ئوغرىلار ئۆيدىن قولغا چىققۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماي، ئاخىر ساندۇقنى ئېچىپتىكەن، ساندۇقتىن ئەپەندىم چىقىپتۇ.

— ساندۇقتا نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرىلار.

— ئۆيۈمدە سىلەرگە يارىغۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇ-قىدىن خىجىل بولۇپ ساندۇققا كىرىۋالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خۇدا بەرگەن ئات

ئەپەندىم كوچىدىن بىر تال تاقا تېپىۋاپتۇ ـ دە، خۇشال هالدا خوتۇنىغا:

— خوتۇن، شۇكرى قىل، خۇدا بىزگە ئات بەر-دى، — دەپتۇ.

— قېنى ئات، ياياق كەلدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— مانا بىر تال تاقا، يەنە ئۈچ تال تاقا بىلەن تۆت پۇت بەرسە ئات دېگەن شۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قىرغىز)

# گەپ سەللىدە بولسا...

بىر كۈنى ئەپەندىم يوغان سەللە ئوراپ مەسچىتتىن قايتىپ كېلىۋاتسا، يولدا ئۇچرىغان بىرى ئەپەندىمگە بىر خەتنى سۇنۇپ ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ:

— خەت تونۇمايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— شۇنچە يوغان سەللىڭىز تۇرۇپ، خەت تونۇمىغىنىڭىز قىزىق! — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئەپەندىم بېشىدىكى سەللىنى ئېلىپ ھېلىقى كىشىگە كىيدۈرۈپتۇ - دە:

— گەپ سەللىدە بولسا، قېنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# بىر قوشۇقمۇ قېتىق يوق

بىر كۈنى ئوۋدىن ھېرىپ قايتقان پادىشاھ ئۇسساپ كېتىپ ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، ئەپەندىمنى چاقىرىپ:

— ھەي ئەپەندىم، قېنى قېتىقىڭىزنى ئاچىقىڭ، ئۆلگۈدەك ئۇسساپ كەتتۇق! — دەپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— پادىشاھىئالەم، ئەپۇ قىلغايسىز، ئۆيدە بىر قوشۇقمۇ قېتىق يوق ئىدى، — دەپتۇ. ئەپەندىمدىن رەنجىگەن پادىشاھ ئۇمىدسىز ھالدا ئېتىنى بۇراپتۇ ـ دە، يولىغا مېڭىپتۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم قېتىق ئۇيۇتىدىغان تەڭنىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پادىـ شاھنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپتۇ:


— ھەي، پادىشاھىئالەم، بۇ ياققا كېلىڭ!

پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ قېتىم ئەپەندىم قېتىق بېرىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، ئاتلىرىنى چاپـ تۇرغىنىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئەپەندىم تەڭنىسىنى ئۇرۇپ كۆرسىتىپ:

— ئىشەنمىسىڭىز تەڭنىگە قاراپ بېقىڭ، پادىشا-
هىئالەم، — دەپتۇ.

(قىرغىز)



# ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار

ئەپەندىم ئۆگزىنىڭ قارلىرىنى تازىلاۋېتىپ، تېيىلىپ كوچىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپتۇ. كوچىدىن ئۆتكەنلەر توپلىشىپ كېلىپ ئەپەندىمدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نېمە بولدىڭىز؟ نېمىشقا يېتىۋېرىسىز؟

— نېمىشقا تۇرمىغانلىقىمنى بىلگۈڭلار كەلسە، ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار، ئاندىن مېنى يۆلەپ قويۇش ئېسىڭلەرگە كېلىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# پادىشاھلىق تالىنىڭ پوقىقى

ئەپەندىم كېچىدە يېزىغا كېتىۋاتسا ئوۋدىن قايتقان پادىشاھ، نۆكەرلىرى بىلەن ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم دەررۇ ئېرىق بويىدىكى يوغان تالىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. پادىشاھ تالىنىڭ كاۋىكىدىكى ئادەمنىڭ شەپىسىنى سېزىپ:

— كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم:

— تالىنىڭ پوقىقى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— تالىنىڭ پوقىقىمۇ شۇنداق يوغان بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن پادىشاھلىق تالىنىڭ پوقىقى، شۇڭا يوغىناپ كەتكەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كىم ھاماقەت

ئەپەندىم پېشىن نامىزىغا كىرگەندە ئېشىكىنىمۇ مەسچىتكە ئەكىرىپ بوسۇغىغا باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىمام:

— ئېشەكنى مەسچىتكە ئەكىرگەن قايسى ھاماقەتنىڭ ئىشى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىم ھاماقەت ئىكەن، تەقسىر؟ — دەپتۇ ئىمامغا، — سىزنىڭ بىر تەڭگىلىك كەشىڭىز مېھرابتا تۇرسا گەپ يوق، مېنىڭ بەش تەڭگىلىك ئېشىكىم بوسۇغىدا تۇرسا ھاماقەتلىكمىكەن!

(ئۇيغۇر)

# چۆشۈشكە يارىشا چىقىش

ئەپەندىم بالىخانىدا دەم ئېلىپ ياتسا، بىر قوشنى-
سى هويلىدا تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— هوي، ئەپەندىم بارمۇسىز؟

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇياققا چۈشۈڭچۇ، گەپ بار ئىدى.

ئەپەندىم بالىخانىدىن چۈشۈپ قوشنىسىنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە، قوشنىسى:

— ئەپەندىم، سۈتىڭىز بولسا بىر چىنە بېرىپ
تۇرسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم «يۇرۇڭ» دېگىنىچە قوشنىسىنى بالىخا-
نىغا باشلاپ چىقىپ:

— بۇگۈن موزاي ئېمىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ، ئۆيدە
بىر قوشۇقمۇ سۈت يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قوشنىسى رەنجىپ:

— بالىخانىغا باشلاپ چىققۇچە، هويلىدىلا مۇشۇ
گەپنى دېسىڭىز بولماسمىدى، — دەپتۇ.

— سىزمۇ مېنى تۆۋەنگە چاقىرىپ چۈشكۈچە،

ھويلىدا تۇرۇپلا سۈت سورىسىڭىز بولماسمىدى؟ چۈ-
شۈشكە يارىشا چىقىش دېگەن مانا شۇ، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# مەخپىيەتلىك

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:
— ئەپەندىم، سىز كىمنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مېنىڭ كۆڭلۈم خەقنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاچىلايدىغان ئامبار بولمىسا، نەدىن بىلەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

***************************

# ئېشەك ئوغرىلاشنىڭ جەريانى

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكىنى ئوغرى ئاپتۇ. قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ ئاغىنىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ كۆڭۈل سوراپتۇ.

ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا كەتكەن چىقىم بىر ئېشەكـ نىڭ پۇلىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى تولا گەپ قىلىدىغان يەنە بىر ئاغىنىسى كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىزنى بىر كىشى ئوغرىلىدىـ مۇ ياكى بىر نەچچە كىشى ئوغرىلىدىمۇ؟ ئوغرى ئېشىـ كىڭىزنى مىنىپ چىقىپ كەتتىمۇ ياكى يېتىلەپ چىقىپ كەتتىمۇ؟ ئېشىكىڭىز ئىشىكتىن چىقىپ كەتكۈچە ئاۋـ ۋال ئوڭ پۇتىنى سالدىمۇ ياكى سول پۇتىنى سالدىمۇ؟ ئېشىكىڭىز ئوغرىنىڭ كەينىدىن زورمۇ زور ماڭدىمۇ ياكى ئىختىيارىي ماڭدىمۇ؟...

— يەنە بىر ئېشىكىمنى ئوغرى ئالغاندا سىزنى چاقىرىپ كېلەي، سىز ئوغرىلاش جەريانىنى ئۆز كۆزىـ ڭىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇنىڭغا.

(تۇرك)

# بۇنىسىنى بىلگەن بولسام

ئەپەندىمنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن، بىرىنىڭ ئىسمى پاتىمە، بىرىنىڭ ئىسمى زۆھرە ئىكەن. ئەپەندىم پاتىمەنى بىر دېھقانغا ياتلىق قىپتۇ. زۆھرەنى بىر ياغاچ-چىغا ياتلىق قىپتۇ. ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھاۋا سوغۇق بىر كۈنى ئىككى قىزى دادىسىنى يوقلاپ كەپ-تۇ. ئۇلار مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە پاراڭ-لىشىپتۇ.

پاتىمە ئەپەندىمگە:

— دادا، سىز قېرىدىڭىز، يول ماڭمىقىڭىزمۇ تەس. بۇ يىل ھاۋا ياخشى بولسا، ھۆل - يېغىن كۆپ بولسا، كۈيئوغلىڭىز تېرىغان بۇغدايلار ياخشى ھوسۇل بېرىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، كۈزدە سىزگە بىر ئات ئېلىپ بەرسەك، سىز پىيادە ماڭمىسىڭىزمۇ بو-لىدۇ، — دەپتۇ.

زۆھرە دادىسىغا شۇنداق دەپتۇ:

— دادا، بۇ يىل ھاۋا قۇرغاق بولسا، شەھەرلىك-لەر چوقۇم ياغاچتىن كۆپلەپ ئۆي - جاي سالدۇرىدۇ. كۈيئوغلىڭىز ئۇ چاغدا كۆپ پۇل تاپىدۇ. خۇدايىم بۇي-رۇسا كۈز كەلسە سىزگە بىر ئىنەك ئېلىپ بەرسەك،

ھەر كۈنى سۈت ئىچەلەيسىز، سۈت دېگەن ياشانغان ئادەمگە ماغدۇر بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ - دە:

— ۋاي - ۋۇي، بىرىڭلار يامغۇرنى تىلىسەڭلار، بىرىڭلار قۇرغاقچىلىقنى تىلەيدىكەنسىلەر، بۇنىسىنى بىلگەن بولسام، ھەر ئىككىڭلارنى تۆگىچىلەرگە بەرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# بۈگۈن ھەپتىگە قانچە؟

بىرى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۈگۈن ھەپتىگە تۆتمۇ، بەشمۇ؟

— مەن ھەپتە ئېلىپ ساتىدىغان ئادەم بولمىسام، ھەپتىنىڭ قانچىلىكىنى نەدىن بىلەي؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# قوي ۋە جوۋازچى

ئەپەندىمدىن بىر كەمبەغەل كىشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كىم قۇربانلىققا قوي سويسا، قىيامەت كۈنى پىلسىرات كۆۋرۈكتىن شۇ قوينى مىنىپ ئۆتەرمىش، راستمۇ؟

— راست.

— ئەگەر قوي سويۇشقا كۈچى يەتمەي، زىغىر يېغىدىن پولۇ قىلغان بولسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا جوۋازچىنى مىنىپ ئۆتىدۇ. مىنىپ ئۆتۈشكە قويدىن كۆرە جوۋازچى ئىشەنچلىكرەك...، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## باھانە

ئەپەندىمدىن بىر كىشى غەلۋىر سوراپ كىرگەندىكەن.

ئەپەندىم:

— غەلۋىرنىڭغۇ چېنىم بىلەن بېرەتتىم، ئەمما ئۈچ كۈن بولدى ئىچىگە سۇ قۇيۇپ قويغانتىم، — دەپتۇ.

— غەلۋىردىمۇ سۇ تۇرامدۇ؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بەرمەسلىككە باشقا باھانە تېپىپ بېرىلىڭ بولمىسا، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئۆكۈزدىن سوراڭ

بىر كۈنى ئەپەندىم بازاردىن ئۆكۈز ئېلىپ يېتىلەپ كېتىۋاتسا، يولدا ئۇچرىغانلار ئۆكۈزنى نەچچىگە ئالدى-ڭىز دەپ سوراۋېرىپ، ئەپەندىمنى زېرىكتۈرۈپ قويۇپ-تۇ. ئەپەندىم ئۆكۈزنىڭ ئارغامچىسىنى بېلىگە باغ-لاپتۇ ـ دە، ئۆكۈزنىڭ ئارقىسىدىن ھەيدەپ مېڭىپتۇ. يولدا يەنە بىرى:

— ئۆكۈزنى نەچچىگە ئالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇرادەر، ئۆكۈز مېنى ئالدى، نەرخىنى ئۆكۈز-دىن سوراڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# يېگەنگە يارىشا

ئەپەندىم مەھەللىگە مەزىن بولۇپ ئەزان ئېيتىۋاتىسا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرى:

— ئەپەندىم، ئەزاننى ئۈنلۈكرەك ئېيتىڭ، مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلانسۇن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم ئەزاندىن توختاپ:

— ئەزانمۇ يېگەنگە يارىشا بولىدۇ - دە، ئەگەر سېنىڭ قورسىقىڭ تويۇپ كەتكەن بولسا، ئۆزۈڭ چىقىپ ئۈنلۈكرەك ئېيتمامسەن، — دەپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# قىيما كۇمىلچى

ئەپەندىمنىڭ تويى بوپتۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىگە داستىخان ساپتۇ. شۇ كۈنى داستىخانغا دەل ئەپەندىم ياخشى كۆرىدىغان قىيما كۇمىلچى تىزىد-لىپتۇ. ئۆيدىكىلەر مېھمانلارنى كۈتۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەپەندىمنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىشنى ئۇن-تۇپ قېلىشىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ خۇيى تۇتۇپ قاپتۇ - دە، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر بىرئازدىن كېيىن قارىسا تويى بولۇۋاتقان يىگىت يوق، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ، ئەپەندىمنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئاخىر ئۇنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن تېپىپتۇ.

— ئەپەندىم، توي دېگەن خۇشال بولىدىغان ئىش تۇرسا، نېمىدەپ قېچىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ كۆپچىلىك.

— مەن توي قىلمايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ئاچچىق-لاپ، — قىيما كۇمىلچىنى كىم يېگەن بولسا، توينى شۇ قىلىۋالسۇن!

**(ئۆزبېك)**

# كەتمەننىڭ غىلىپى

ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىلىرى كوچىدىن بىر پاي ئۆتۈك تېپىۋاپتۇ، ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار.

ئەپەندىممۇ دۇنياغا كەلگەندىن بېرى ئۆتۈكنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىكەن، ئويلاپ تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇ كەتمەننىڭ غىلىپى بولسا كېرەك!

(ئۆزبېك)

# بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئېيتىپ بەرسۇن

بىر كۈنى ئەپەندىم مەدرىسىگە بېرىپ ئېگىز پەشتاقتا چىقىپتۇ - دە، تالىپ - مۇللىلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەرگە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟

ھەممە بىر ئېغىزدىن «بىلمەيمىز» دېيىشىپتۇ.

— بىلمىگەن كىشىگە سۆز قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، — ئەپەندىم شۇنداق دەپتۇ - دە، پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەپەندىم يەنە مەدرىسىگە كېلىپ، ھېلىقى سوئالىنى تەكرارلاپتۇ.

بۇ قېتىم تالىپلار «بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىم:

— بىلگەن نەرسىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ - دە، پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇ سوئالنى قويۇپتىكەن، تالىپلار مەسلىھەتلىشىپ:

— بەزىمىز بىلىمىز، بەزىمىز بىلمەيمىز، —

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەمىسە بىلگەنلىرىڭلار بىلمىگەنلىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دەپ پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# خۇدايىم بەرسۇن

بىر كۈنى ئەپەندىم تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، هويلىنىڭ تېمىنى سۇۋىماقچى بولۇپ تۇرسا، بىر كىشى ئىشىكنى قېقىپتۇ، ئەپەندىم شۇنداق قارىسا، بىر تىلەمچىكەن. تىلەمچى ئەپەندىمگە:

— تەقسىر، پەسكە بىر چۈشكەن بولسىڭىز! — دەپتۇ.

ئەپەندىم تىلەمچىنىڭ بىر ئىشى بار ئوخشايدۇ دەپ، تامنىڭ ئۈستىدىن تەسلىكتە پەسكە چۈشۈپتۇ. تىلەمچى ئەپەندىمگە:

— خۇدا يولىدا بىر سەدىقە بەرسىڭىزچۇ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئاچچىقىدا تىلەمچىنى ئالدىغا تارتىپ، ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن تۇتۇپ:

— تامنىڭ ئۈستىگە بىر چىققان بولسىڭىز! — دەپتۇ.

ئاندىن ئىككىيلەن بىرلىكتە تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئەپەندىم تىلەمچىگە:

— بۇ يەر خۇداغا يېقىن، خۇدايىم سىزگە بەرسۇن! — دەپتۇ.

(تۈرك)

# ئون كاپام ئاش

ئەپەندىم مەدىكارچىلىق قىلالتتىكەن، بىر بېخىل ئادەم ئۇنى ياللىماقچى بولۇپ:

— كۈنىگە يېرىم تەڭگە پۇل، ئون كاپام ئاش بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم كۆنۈپتۇ. كەچقۇرۇن يېرىم تەڭگە پۇلنى ئېلىپ يېنىغا ساپتۇ. بېخىل ئېلىپ چىققان ئون كاپام ئاشنى ئۈچلا كاپام قىلىپ يەپتۇ ـ دە:

— قالغان يەتتە كاپىمىغا قاچان كېلەي؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

*****************************

# پىخسىقلىقىمدىن ئەمەس

بىر كۈنى، ئەپەندىم ھەسەل بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، قاچىدىكى ھەسەلگە بىر چىۋىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم چىۋىننى ئاۋايلاپ ئېلىپ، قاناتلىرىغا يۇقۇقان ھەسەلنى يالىۋېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بۇنچىۋالامۇ پىخسىق، ئاچ كۆز بولامسىز؟ — دەپ كايىپتۇ.

— نادان خوتۇن، پىخسىقلىقىمدىن ئەمەس، چىۋىنگە ئىچىم ئاغرىغانلىقىدىن يالىۋالدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر ئۇ چىۋىن ھەسەل يۇقى پېتى قازىنىڭ قولىغا چۈشسە، ئۇنى قازى چايناپ يەپلىۋېتىدۇ.

(ئۇيغۇر)

# توٚت پۇتىڭىز بىلەن قاچاتتىڭىز

ئەپەندىم پادىشاھقا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن پىشۇرۇلغان غازنى ئەكېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بىر پاچىقىنى يەپ قويۇپتۇ. پادىشاھ غازنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، كەلتۈرگەن تارتۇقىڭىزنىڭ بىر پاچىقى يوققۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم ئىككىلەنمەستىن:

— بۇ يىلقى غازلارنىڭ ھەممىسى بىر پۇتلۇق ئىكەن، — دەپتۇ ـ دە، ھويلىدا بىر پۇتىنى يىغىۋېلىپ، بىر پۇتى بىلەن تۇرغان غازلارنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ خىزمەتچىسىگە غازلارنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچى بېرىپ كالتەكنى شىلتىگەن ھامان غازلار ئىككى پۇتى بىلەن قېچىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ غازلارنى ئەپەندىمگە كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، غازلار ئىككى پۇتى بىلەن قېچىۋاتىدىغۇ، سىز نېمىشقا يالغان گەپ قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا، — ئاشۇ كالتەك بىلەن سىزنى ئۇرغان بولسا، ئىككى پۇتىڭىز بىلەن ئەمەس، توٚت پۇتىڭىز بىلەن قاچقان بولاتتىڭىز.

(قازاق)

# ئاچچىق ئۆرۈك يېگەن بۇلبۇل

ئەپەندىمنىڭ ئۆرۈك يېگۈسى كېلىپ، بىر باغقا چۈشۈپتۇ. ئەمما، بۇ باغدا بىرلا تۈپ ئاچچىق ئۆرۈك بار ئىكەن. ئەپەندىم بۇ باغقا كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، «مەيلىلا، ئاچچىق ئۆرۈك بولسىمۇ، ئېغىز تېگىپ باقاي» دەپ شاخقا چىقىپ ئۆرۈك يەپ ئولتۇرسا، باغنىڭ ئىگىسى كېلىپ قاپتۇ. باغۋەن ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— كىم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— بۇلبۇلمەن، — دەپتۇ.

— بۇلبۇل بولساڭ سايراپ باققىنە، — دەپتۇ باغۋەن.

ئەپەندىم ھەم بوغۇق، ھەم قوپال ئاۋاز بىلەن سايراشقا باشلاپتۇ.

— بۇلبۇل دېگەن شۇنداق سايرامدۇ؟ — دەپتۇ باغۋەن.

— ھە، بۇ ئاچچىق ئۆرۈك يېگەن بۇلبۇلنىڭ سايرىشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ۋايۋىلەكنىڭ بالىسى

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى ئاغزى لاتا بىلەن ئوراپ باغلانغان بىر كوزىنى ئامانەت تاپشۇرۇپ: «بۇنىڭ ئىـ-چىدە ۋايۋىلەكنىڭ بالىسى بار، ئاغزىنى زادى ئاچماڭ، ئۇچۇپ كېتىپ قالىدۇ» دەپ جېكىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئاغىنىسى كەتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم «ۋايۋىلەك-نىڭ بالىسى قانداق بولىدىكىن» دەپ، كوزىنى ئاستا ئاۋايلاپ ئېچىپتۇ. قارىسا، ئىچى لىپمۇلىق ھەسەل ئىكەن!

ئەپەندىم ۋايۋىلەكنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈش بىـ-لەنلا كوزىنىڭ يېنىدىن كېتەلمەي قاپتۇ، ئۈچ كۈن قورسىقى ئاغرىپتۇ.

ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىگىسى كېـ-لىپ كوزىنى سوراپتۇ. ئەپەندىم كوزىنى ئاچقىپتۇ، ئىگىسى كوزىنى كۆتۈرۈپ كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، مەن كەتكەندىن كېيىن كوزىنى ئېـ-چىپ، ۋايۋىلەكنىڭ بالىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتىڭىزمۇ نېـ-مە؟ — دەپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۇچۇپ ئۇۋىسىنى تاپالماستىن قورسىقىمغا كىرىۋالغانىكەن، ئۈچ كۈندىن بېرى مېنىڭ ئاغزىم بىلەن ۋايۋايلاۋاتىدۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# ياخشى شەھەر

ئەپەندىم بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. بازاردا كېتىۋې-تىپ، تەۋەڭلەردە دۆۋىلەكلىك تۇرغان سامسىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. قورسقى ئېچىپ كەتكەن ئەپەندىم سوراپ ئولتۇرمايلا سامسا يېيىشكە كىرىشىپتۇ. سامسىپەزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئەپەندىمنى كۆسەي بىلەن ئۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم:

— پاھ، پاھ، نېمىدېگەن ياخشى شەھەر بۇ! سام-سىپەزلىرى سامسىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ يېگۈزىدىكەن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# جۇۋاۋا سوۋۇغىچە

ئەپەندىم بىر ئاچ كۆز ئادەم بىلەن ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ - دە، جۇۋاۋا بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم جۇۋاۋىغا قول ئۇزىتىشىغا ھەمتاۋىقى:

— ئەپەندىم، جۇۋاۋا دىگەننى سوۋۇتۇپ يەيدۇ، ئالدىرىماي يەڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم جۇۋاۋىنى ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋېتىپ:

— بۇرادەر، جۇۋاۋا سوۋۇغىچە ماڭا قالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# نېمە ئىلاجىم؟

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى مېھمان چاقىرىپ، قېزا باسقان پولۇ ئەكىرىپتۇ. ئەپەندىم ھەر كاپام پولۇغا ئىككى توغرام قېزىنى قوشۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ھەمتاۋاقلىرىدىن بىرى:

— ئەپەندىم، بىر كاپامغا ئىككى توغرام قېزا قوشۇپمۇ يەمسىز؟ — دەپتىكەن. ئەپەندىم:

— بۇرادەر، ئاغزىمغا ئۈچ توغرامدىن پاتمىسا نېمە ئىلاجىم؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# قەدىردان سامبۇسا

ئەللىكبېشى مەھەللىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. داس-
تىخان مول ئىكەن: سامبۇسا، قاتلىما، تونۇر سامسى-
سى، رىشالە، مۇراببا... بولارنىڭ ئالدىدا بىر ئاپقۇر
شوۋىگۈرۈچ ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەللىكبېشى شوۋىگۈرۈچ-
نى داستىخانغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى ئۇنىڭ تەمىنى
تېتىپ كۆرۈپ، شوۋىگۈرۈچ ئېلىپ چىققان خىزمەتچى-
گە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— مەن ئېيتقانىدىمغۇ، قىزىلمۇچنى جىق سالمى-
سۇن دەپ؟! شوۋىگۈرۈچ ئوغا بولۇپ كېتىپتىغۇ! شو-
ۋىگۈرۈچنى ئاشپەزنىڭ بېشىغا ئات! باشقا تاماق ئېلىپ
چىق!

كۆپ ئۆتمەي، يوغان چىنە تاۋاقتا دولمە ئېلىپ
چىقىشىپتۇ. ئەللىكبېشى ئۇنىڭمۇ تەمىنى تېتىپ كۆ-
رۈپ يەنە ۋارقىراپتۇ:

— مەن قىيمىغا سامساق، پىياز سالمىسۇن دەپ
ئېيتقانىدىمغۇ! دولمىنى سېسىتىۋېتىپتۇ! ئېلىپ
چىق، تاۋاقنى ئاشپەزنىڭ بېشىغا ئات!

خىزمەتچى ئۈچىنچى قېتىم ھالۋا كۆتۈرۈپ چىقىپ-
تۇ. ئەللىكبېشى بۇنىڭمۇ تەمىنى تېتىپ كۆرۈپتۇ ۋە

رەڭگىرويى ئۆچۈپ:

— بۇ قانداق بولمىغۇر ئاشپەز؟ ھالۋىنىڭ تۇزىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىغۇ! ئەكىر، باشقا ياخشىراق تاماق قىلىپ بەرسۇن! — دەپ ۋارقىراپتۇ يەنە.

ئەپەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ سامبۇسىغا يېقىنراق ئولتۇرۇپ، مېھمانلارغا:

— قېنى، بۇرادەرلەر! ئۆزىمىزگە قەدىردان بولغان سامبۇسىدىن ئايرىلىپ قالمايلى. بۇ كىشى ئاشپەز بىلەن جاڭجىلىنى تۈگەتكۈچە، بىز كونا قەدىردان دوستىمىز بىلەن خوشلىشىۋالايلى، — دەپتۇ ۋە قوۋۇزىغا ئىككى سامبۇسىنى سېلىپ چايناشقا باشلاپتۇ.

(ئۆزبېك)



# ئاق قەنت

ئاق قەنت يېڭى چىققان ۋاقىتتا ئەپەندىم ھەيران بولۇپ قەنت ساتقۇچىدىن سوراپتۇ:

— ئاكا، بۇ نېمىڭىز؟ ھالۋىمىكىن دېسەم قىيامى كۆرۈنمەيدۇ...

قەنت ساتقۇچى چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ:

— بۇ شېكەرنىڭ يىرىكى، يېڭى چىقتى. بۇنى ئاق قەنت دېيىشىدۇ!

— كىچىككىنە بىر پارچىسىنى بېرىڭە.

ئەپەندىم ئاق قەنتتىن بىر چاقماقنى ئاغزىغا سې-لىپ شوراپتىكەن، ھۇزۇرلانغىنىدىن بەدەنلىرى ياي-راپ، كۆزلىرى سۈزۈلۈپ كېتىپتۇ.

— شۇنداق ياخشى نەرسىنى ساتامدۇ كىشى؟ — دەپتۇ ئەپەندىم شۆلگىيىنى يۇتۇپ، — ئۆيىڭىزگە ئاپې-رىپ بالا - چاقىڭىز بىلەن شورىسىڭىزچۇ!

**(ئۆزبېك)**

# ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى

— ئۈچ كۈن بولدى، تاماقتىن قېپقالدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىگە.

— چوقۇم بىر يېرىڭىز قاتتىق ئاغرىۋاتسا كېرەك ياكى ئاشقازىنىڭىز بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، ئاشقازىنىممۇ ياخشى. ئۈچ كۈن بولدى، ھېچكىم مېنى تاماققا چاقىرمىدى، گەپ شۇ يەردە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام

قورسىقى ئاچقان ئەپەندىم بازارنى ئايلىنىپ تۇ-
خۇم، ياغ ۋە شېكەر سېتىپ ئولتۇرغان بىر دۇكاندار-
دىن سوراپتۇ:

— بۇ نەرسىلەر ئۆزىڭىزنىڭمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ دۇكاندار.

— بۇلارنى نېمە قىلىسىز؟

— ساتىمەن.

— ھەي ئىسىت، — دەپتۇ ئەپەندىم، — سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ تۇخۇم پوشكىلى سالاتتىم - دە، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ، تازا مەززە قىلىپ يەيتتىم.

**(ئۇيغۇر)**

# يىلان ۋە ھېسىپ

ئەپەندىم بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتسا بىر ئاغىنىسىنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم «ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چاي - پاي ئىچىپ، ئارامىنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن ماڭاي» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ پىخسىق ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، ئەمدىلا پىشقان بىر تەڭنە ھېسىپنى ئالمان - تالمان داستىخان بىلەن يېپىپ قازان بېشىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئۆيگە مەرھەمەت، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ئاندىن مېڭىڭ! — دەپتۇ - دە، ئەپەندىمگە بىر پىيالە چاي قۇيۇپتۇ.

ھېسىپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بۇرنىغا كىرگەن ئەپەندىم:

— مەن چاي ئىچمەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ھېلى يولدا بىر قورقۇپ كەتتىم! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىدىن قورقۇپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— يولدا بىر يىلان ئۇچراپ قالدى، يوغانلىقى خۇد-
دى ئاۋۇ تەڭنىدىكى ھېسىپتەك بار. قولۇمغا يوغان بىر
تاشنى ئالدىم - دە، يانجىپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتىم.
شۇ تاپتا قورسىقىم شۇنداق ئاچتىكى···، — دەپتۇ
ئەپەندىم.

ئەپەندىمنىڭ پىخسىق ئاغىنىسى ئامالسىز ھېسىپ-
نى تەڭنىدىن ئېلىپ داستىخانغا قويۇپتۇ، ئېچىرقاپ
كەتكەن ئەپەندىم تازا ئىشتىھا بىلەن يېگىلى باشلاپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# قېتىقا تۇز سېلىپ ئىچىش

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن قېتىق ئىچمەكچى بوپتۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاران يېرىم تەڭگىلا بار ئىكەن، بۇ پۇلغا بىر چىنىلا قېتىق بېرىدىكەن. شۇڭا ئىككىسىگە بىر چىنە قېتىقنى يېرىمدىن بۆلۈپ ئىچىشكە توغرا كەپتۇ.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ يېرىم چىنە قېتىقىنى ئىچىۋېلىڭ، چۈنكى مەندە ئازلا شېكەر بار، بىرىمىزگىلا يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزنىڭ يېرىم چىنىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەن ھېلىقى شېكەرنى سېلىپ ئۆزۈمنىڭ يېرىم چىنىسىنى ئىچىمەن.

ئەپەندىم بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، قېتىقچىدىن بىر سىقىم تۇز سوراپتۇ ـ دە، ئاغىنىسىگە:

— ئاغىنە، ئالدى بىلەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مېنى ئاۋۋال ئىچ دېگىنىڭگە قوشۇلىمەن، بىراق، مېنىڭ قېتىققا تۇز سېلىپ ئىچىدىغان ئادىتىم بار جۇمۇ، — دەپتۇ.

(ئافغان)

# قۇرۇق بارامدىم

يازنىڭ تازا مولچىلىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئەپەندىم خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ئىنسابىڭمۇ يوقكەن سېنىڭ، يېزىغا بېرىپ تۇغقانلىرىڭنى كۆرۈپ كەلسەڭ بولمامدۇ! — دەپتۇ.

— بولدى قىلىڭە، قۇرۇق قول قانداق بارىمەن؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— قانداقسىغا قۇرۇق قول بارىدىكەنسەن؟ بىزنىڭ ھېلىقى ئىككى چوڭ قۇرۇق تاغىرىمىزنى ئالغاچ بارساڭ بولمىدىمۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خالىسىڭىز شاپىلاق يەڭ

ئەپەندىم بىرىنىڭ بېغىغا ئوغرىلىققا چۈشۈپتۇ، شاخلىرىدا مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەرنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىگە: «ھە ئەپەندىم، باغقا يالغۇز كىرىۋالدىڭىز، خالىسىڭىز ئالما يەڭ، خالىسىڭىز شاپتۇل، خالىسىڭىز ئۆرۈك يەڭ، خالىسىڭىز ئەينۇلا» دەپ تۇرۇشىغا كەيىنىدىن باغۋەن كېلىپ، بىر شاپىلاق سايتۇ. ئەپەندىمۇ دەررۇ:

— خالىسىڭىز شاپىلاق يەڭ، — دەپ باغدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تىرىلىۋالغۇچە

باغداد شەھىرىنىڭ خەلىپىسى ھەر يىلى ھەر ساھە-
دىكى مۆتىۋەر زاتلارنى چاقىرىپ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈ-
زۈپ تۇرىدىكەن. بۇ يىلقى زىياپەتكە ئۈچ مىڭ كىشى
قاتنىشىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەپەندىمۇ بار ئىكەن.
بۇ ھەر يىلى بىر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان كاتتا
زىياپەت بولۇپ، بۇ يىلقى نازۇ نېمەتلەر بۇلتۇرقىسىغا
ئوخشاشمايدىكەن، شۇنداق بولغاندىلا خەلىپەمنىڭ باي،
دۆلەتمەن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدى-
كەن.

قىسقا رەسمىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، ناخشا ـ
ئۇسسۇل باشلىنىپتۇ. ئارقىدىنلا كۈمۈش تاۋاقلاردا
تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئەڭ دەسلىپىدە،
ھەممىدىن ئىبىل تائام — پۈتۈن توز كاۋىپى كەلتۈرۈ-
لۈپتۇ.

بۇ پۈتۈن توز كاۋىپى ئاشپەز ئۇستامىنىڭ ئۇستا
ماھارىتىنى نامايان قىپتۇ. توزنىڭ پەيلىرى زۇمرەت
تاشتەك يالتىراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قانات، پۇت ۋە تۇم-
شۇقلىرىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولۇپ، بەئەينى تىرىك
توزدەك كۆرۈنىدىكەن.

كىشىلەر بۇ ئۇستا ماھارەت بىلەن تەييارلانغان توز كاۋىپىغا قاراپ ھەيران - ھەس بولۇپ، ئۇنى بۇزۇشقا كۆڭلى بارماي، ئاغزى - ئاغزىغا تېگىشمەي ماختىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. يېنىدىكىلەرگە قارىسا قول سالىدىغاندەك ئەلپازى يوق. ئەپەندىمنىڭ كۆڭلىگە بىر دىنلا بىر خىيال كەپتۇ - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئاغىنىلەر، نېمە قاراپ ئولتۇرىسىلەر، بۇ جانىۋارنى ۋاقتىدا قول سېلىپ يەۋەتمەيدىغان بولساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. قاراڭلار، ئۇ تىرىلىۋالىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئۇ تىرىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بىزنى بوش قويمايدۇ، ئۇ تىرىلىۋالغۇچە بىز ئۇنى يەۋەتسەك بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، ھەممىدىن بۇرۇن قول سېلىپ، يېگىلى باشلاپتۇ.

(ئافغان)

# بوسو ۋە پولۇ

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن تاماق يېگىلى بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ. پۇلى يەتمىگەنلىكتىن، ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ بىر قاچا ئاش بۇيرۇتماق بوپتۇ.

بوسو بۇيرۇمدۇق ياكى پولۇ بۇيرۇمدۇق دېگەن مەسىلىدە ئىككىسى قاتتىق تالىشىپ كېتىپتۇ. ھېرىپ - چارچاپ ۋە قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن ئەپەندىم ئاخىر ماقۇل كېلىپ، ئاغىنىسى ياخشى كۆرىدىغان بوسونى بۇيرۇپتۇ.

ئاش يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاغىنىسى تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، ئەپەندىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— سىز تېۋىپ چاقىرىپ كەلمەكچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يېنىدا ئولتۇرغان بىرى.

— ياق، ئەخمەق ئادەم ئىكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مەن ھېلىقى بۇيرۇتقان بوسونى پولۇغا ئۆزگەرتىۋېتىشنى دەپ قوياي دەيمەن.

(ئۇيغۇر)

# ياش چېغىمدىمۇ ئوغرىلاپ يېگەن

ئەپەندىم بىر كۈنى ئېتىزدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا بىر باغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. باغدا ئەنجۈرلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىكەن. ئەنجۈر يېگۈسى كېلىپ كەتكەن ئەپەندىم تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشۈپتۇ - دە، تاتلىق ئەنجۈرلەرنى بۇرنى - قۇلىقىدىن چىققۇدەك يەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە باغنىڭ ئىگىسى كېلىپ قېلىپ، ئەپەندىمنى نەق مەيداندا تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ھەي، شۇنچە قېرىغىنىڭىزدا خەقنىڭ ئەنجۈرىنى ئوغرىلاپ يېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، توغرا ئېيتمىدىڭىز، ياش چېغىمدىمۇ ئوغرىلاپ يېگەنىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# خۇدادىن قورقۇپ

روزا ئېيىنىڭ بىر كۈنى، ئەپەندىم ئاستا ئاشخانىغا كىرىپ ئىچىدىن سولىۋېلىپ ئوغرىلىقچە نان يېگىلى تۇرۇپتۇ. ئوغلى ئاشخانىغا ئوغرى كىرىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ:

— كىم سەن، چىق بۇياققا! — دەپ ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ.

— ۋارقىرىما، ۋارقىرىما، ئاستىراق، دادىڭ ئوغرىلىقچە ئۆزىنىڭ نېنىنى يەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ ئوغلى.

— چۈنكى، دادىڭ خۇدادىن قورقىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# پۈرۈچ ۋە بايراق

ئەپەندىم تىككۈچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە دائىم كىشىلەرنىڭ كىيىم تىكتۈرۈشكە ئەكىرىپ بەرگەن رەختلىرىدىن پۈرۈچ چىقىرىۋالىدىكەن. بىر كىشى نەسىھەت قىلىپ:

— ئەپەندىم، ئۇنداق قىلماڭ، قىيامەت كۈنى سىز چىقىرىۋالغان پۈرۈچلار بايراق بولۇپ دۈمبىڭىزگە سانجىلىۋېلىپ جېنىڭىزنى قىينارمىش، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەپەندىم قەسەم قىلىپ، كىشىلەرنىڭ رەختىدىن پۈرۈچ چىقىرىۋالمايدىغان بوپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىشى كىيىم تىكتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى چىرايلىق بىر پارچە رەختنى ئەكىرىپ بېرىپتۇ، ئەپەندىمنىڭ نەپسىخورلۇقى قوزغىلىپ يەنە بىر پارچە پۈرۈچنى كېسىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ شاگىرتى، — سىز قەسەم قىلغان ئەمەسمۇ، يەنە شۇنداق قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— بۇنداق چىرايلىق رەختنى بايراق قىلىپ كۆتۈرۈۋالسىمۇ بەك يارىشىدۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى

ئەپەندىم ئوغلى ئۈچۈن بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىپتۇ. ئەپەندىم ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىدىن:

— ئايلىقىڭىزغا قانچە بەرسەم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇتقۇچى:

— دەسلەپكى ئىككى ئايدا يىگىرمە بەش تەڭگىدىن، كېيىنكى ئايدا يىگىرمە تەڭگىدىن بەرسىڭىز بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىم ئاڭلاپ چۈشىنەلمىگەندەك قىلىپ ئوقۇتقۇچىغا:

— ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى باشتىلا ئۆتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# شۇمۇ شېرىكمۇ

ئەپەندىم ئېتىزدا ئىككى شېرىكى بىلەن چۈشلۈك تاماق يېگىلى ئولتۇرۇپتۇ. ئەپەندىم بىر شېرىكى بىلەن جاۋۇرغا ئۇماچنى قۇيۇپ ئۇنىڭغا نان چىلاشقا باشلاپتۇ. ئىككىنچى شېرىكى بولسا، جاۋۇرغا چىلانغان ناننى ئۇندىن چىقماستىن يەۋېرىپتۇ. ئەپەندىم قولىغا مىس ساپلىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتىكەن، شېرىكى يىقىلىپ شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. ئەپەندىم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي:

«نان چىلا دېسە چىلىمايدۇ، قوشۇقنى قولىدىن قويمايدۇ، جاۋۇردىن كۆزىنى ئۈزمەيدۇ، كىچىككىنە تاياقنا ئۆلۈپ يېتىۋالىدۇ، شۇمۇ شېرىكمۇ!» دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# پولۇ بىلەن مانتا

ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئەپەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، قەستەن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، پولۇ ياخشىمۇ، مانتىمۇ؟

— مەن يېمەي تۇرۇپ قايسىسىنىڭ ياخشىلىقىنى نەدىن بىلەي، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ھاكىم ئاشپەزنى چاقىرتىپ، مەخسۇس مۇشۇ ئىككى خىل تاماقنى ئەتكۈزۈپتۇ.

ئەپەندىم تاماقلارنى يېگەندىن كېيىن:

— تەقسىر، مەن پولۇنى ياخشى ئەمەس ئىكەن دېيىشكە راستىنلا خىجىل بولۇۋاتىمەن، مانتىنى ياخشى ئەمەس ئىكەن دېيىشكە تېخىمۇ ئاغزىم بارمايۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ تۇرقۇم بىر چىنە ئۇسسۇزلۇق بولغان بولسا، ئاندىن ئۇنىڭ قانداقلىقىنى دەپ بېرەلىشىم مۇمكىن ئىدى، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# نامەردلىك

ئەپەندىم بىر غول بويىدا سالقىنلاپ ئولتۇرغاندىكەن، يىراقتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان يوغان بىر تاۋۇزنى كۆرۈپ دەرھال يېشىنىپتۇ ـ دە، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ تاۋۇزنى سۇزۇۋاپتۇ. قارىسا، تۇگىگۇچە قىرىپ، زادى قىزىل جايىنى قويماي يەپ تاشلىغان تاۋۇزنىڭ شاپىقى دۈم بولۇپ ئېقىپ كەلگەنىكەن. ئەپەندىم شاپاقنى تاشلىۋېتىپ:

— ھەي نامەرد، شاپىقىنى تاشلاش كۆڭلۈڭدە بار ئىكەنۇ، ھېچبولمىغاندا سەل چالىراق يېسەڭچۇ! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئوغرىنى قاراقچى ئۇردى

كېچىسى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە قاپتا نەرسە كۆتۈرگەن ئىككى ئوغرى كىرىپتۇ. بۇنى سېزىپ قالغان خوتۇنى ئەپەندىمنى ئاستا نوقۇپ:
— ئەپەندىم، تۇرۇڭ، ئۆيگە ئوغرى كىردى، — دەپتۇ.
ئەپەندىم ئاستا شىۋىرلاپ:
— جىم يات، مەن ئويغاق، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، ئوغرىلار قاپنى كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىشمىسۇن يەنە، مەن قاپتىكى نەرسىلەرنى پايلاپ تۇرۇپتىمەن، — دەپتۇ.

(قىرغىز)

# ئوغرىلىقتا كىردىم دەيمۇ بولمىسا...

ئەپەندىم قولىغا سېۋەت ئېلىپ بىراۋنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ، ئەنجۇردىن بىر تالىنى ئاغزىغا سېلىپ «پاھ - پاھ - پاھ» دەپتۇ، ئۈزۈمدىن بىر تالنى تېتىپ كۆرۈپ «ۋاھ - ۋاھ - ۋاھ» دەپ يۈرگىنىدە، بۇنى باغۋەن كۆرۈپ تۇرغانىكەن.

ئەپەندىم ئەمدىلا ئۈزۈم ئۈزۈشكە باشلاپتىكەن، باغۋەن كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ:

— نېمىشقا باغقا كىردىڭ؟

ئەپەندىم ئۇنىڭدىن قاتتىق ۋارقىراپ:

— نېمىشقا خوتۇنۇڭغا كەش ئېلىپ بەرمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ھەي، قىزىق ئادەم ئىكەنسىنا، خوتۇنۇمنىڭ كەشى بىلەن نېمە ئىشىڭ بار سېنىڭ؟

— ۋاھ، سەن ئۆزۈڭ قىزىق ئادەم ئىكەنسەن، ئوغرىلىقتا كىردىم دەيمۇ بولمىسا! ...، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# سالغا سېتىۋېلىش

بىخىللىقتا ئۆچىغا چىققان ئەپەندىم، بىر كۈنى بازارغا بېرىپ سالغا سېتىۋالماقچى بوپتۇ.

سالغا ساتقۇچىدىن سالغىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سالغا ساتقۇچى:

— سالغىنىڭ دانىسى بىر تەڭگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىم ھەيران بولۇپ:

— نېمە دەيسەن؟ بىر تەڭگە!؟ ئەگەر سەن بۇ سالغاڭ بىلەن ئاسماندىن بىر ئالتۇن قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنى مايدا قورۇپ ئاغزىمغا سېلىپ قويسا-ڭمۇ، مەندىن بىر تەڭگە چىقماس! — دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

(ئەزەربەيجان)

# چوڭ بېلىق ۋە كىچىك بېلىق

ئەپەندىم داۋاملىق يەيدىغان يەرنى ماراپ يۈرىدى-
كەن. بىر كۈنى، دوستلار زىياپەتكە ئەمدى ئولتۇرۇ-
شىغا، ئەپەندىمنىڭ كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال
زىياپەتكە قويۇلغان يوغان بىر تال بېلىقنى يوشۇرۇپ
قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىرنەچچە تال كىچىك بېلىقنى
قويۇپ قويۇپتۇ.

— ئەپەندىم، سىز بېلىققا بەكمۇ ئامراقتۇ! — دەپ
سوراپتۇ بىرى.

ئەپەندىم دەرھال:

— ياق، مەن بېلىققا چىش - تىرنىقىم بىلەن ئۆچ.
چۈنكى دادام يوغان بىر بېلىققا يەم بولغان، شۇنىڭ
ئۈچۈن بېلىقنى كۆرسەم چايناپ پۇركۈۋەتكۈم كې-
لىدۇ! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ بېلىقلارنى بىر يەپ ئۆچى-
ڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ بىرى.

ئەپەندىم تەخسىدىكى كىچىك بېلىقتىن بىرنى ئې-
لىپ، قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىپ بىرنېمىلەرنى ئاڭ-
لىغاندەك قىلىپتۇ - دە:

— بۇ بېلىقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭلار-

مۇ؟ — دەپ كۆپچىلىكتىن سوراپتۇ.
— ياق، ئاڭلىمىدۇق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كۆپ-
چىلىك.
ئەپەندىم خۇشال بولۇپ:
— بۇ بېلىق دادااڭ ئۆلگەندە مەن تېخى تۇغۇلمى-
غان، داداڭنى يەم قىلغان چوڭ بېلىق ئاۋۇ تەخسىدە
تۇرىدۇ دەۋاتىدۇ! — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈ-
شۈپ، يوشۇرۇپ قويغان چوڭ بېلىقنى چىقىرىپ ئەپەن-
دىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

(تۈركمەن)



# پۇلنى سىز بېرەمسىز؟

بازاردىكى ماللارنىڭ باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆ-سۈپ كېتىپ، ئەپەندىم زادى چىدىيالماي قاپتۇ. بىر كۈنى ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىگە زارلىنىپ:

— باھا مۇنداق ئۆرلىگىلى تۇرسا، ياشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئۆزۈمگە سىرتماق سېلىپ ئۆلۈۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلمامسىز! — دەپ چاق-چاق قىپتۇ ئاغىنىسى.

— سىرتماق ئالىدىغانغا پۇلۇم يوق، سىز بېرەم-سىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئەزەربەيجان)

# ئۆزۈمنى ئۈنتۇپ قاپتىمەن

ئەپەندىم يېڭى توي قىلغان خوتۇنىنى بىر كۈنى بازارغا بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇسساپ كەتكەن ئەپەندىم دوغاپ ساتقانلارنى كۆرۈپ:

— خوتۇن، مۇزدەك بىرنەرسە ئىچمەيلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

خوتۇنىمۇ ئۇسساپ كەتكەنىكەن:

— ئىچەيلى، مەنمۇ بەك ئۇسساپ كەتتىم، — دەپتۇ.

ئەپەندىم يۈگۈرۈپ بېرىپ دوغاپتىن بىر چىنە كۆ-تۈرۈپ كەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ئەپەندىم، بىز ئىككىيلەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئاپلا، ئۆزۈمنى ئۈنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم چاندۇرماي.

(ئەزەربەيجان)

# ئالاقىسى بار گەپ

بىر كۈنى، ئەپەندىم بىر باغقا چۈشۈپ راسا مېۋە يەۋاتسا، باغنىڭ ئىگىسى كىرىپ قېلىپ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا باغقا ئوغرىلىقچە چۈشتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز نېمىشقا خوتۇنىڭىزغا كالاچ ئېلىپ بەرمىدىڭىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— هوي، بۇ گەپنىڭ ئوغرىلىق بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپتۇ باغۋەن هەيران بولۇپ.

— ئالاقىسى بار گەپنى تاپالمىسام قانداق قىلىمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەزرائىل مېنى ئۇنتۇپ قالدۇ

ئەپەندىم ئاغرىپ سەكراتتا ياتقان چېغىدا، بېشىدا يىغلاپ تۇرغان خوتۇنىغا مۇنداق دەپتۇ:

— خوتۇن، ئەھۋالىم چاتاقراق تۇرىدۇ، سەن چىرايلىق كىيىنىپ، تازا كېلىشتۈرۈپ پەرداز قىلىپ يېنىمدا تۇرغىن!

— ۋاي، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئۇيات ئەمەسمۇ؟ كىشىلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— ۋاي خوتۇن، مۇشۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ؟ تۇساتتىن ئەزرائىل كېلىپ قالسا، سەن بىلەن بولۇپ كېتىپ، مېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## ئۇرۇش قانداق باشلىنىدۇ؟

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ ئوغلى دادىسىدىن:

— دادا، ئۇرۇش قانداق باشلىنىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانداق باشلىناتتى، مەسىلەن، داداڭ ئاپاڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا......، — ئەپەندىم شۇنداق دېيىشىگە، خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، بالا ئۆيدىكى ئۇرۇشنى سورىغىنى يوق، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى سوراۋاتىدۇ! — دەپتۇ.

— دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش بىلەن ئۆيدىكى ئۇرۇشلارنىڭ باشلىنىشى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق باشلىنىدىغانلىقىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بەرمەمسىز! — دەپتۇ خوتۇنى.

— قانداق باشلىناتتى؟ سەن بىرنى چوقۇساڭ، مەن بىرنى چوقۇيمەن، مانا شۇنداق باشلانمامدۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قويۇڭە سىزنى، شۇنىمۇ توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىكەنسىز! — دەپ كايىپتۇ ئەپەندىمنىڭ

خوتۇنى.

— ئۇنداق بولسا سەن بىر چۇشەندۇرۇپ بەرگىنە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

شۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ بالىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بولدى، بولدى، تاكاللاشماڭلار، ئۇرۇشنىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم! — دەپتۇ.

(تۈركمەن)



# ئاۋۇ يالغانچىنى تۇتۇۋېلىڭلار

ئەپەندىم ئۇخلىيالماس كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ھەر خىل ئامالLارنى قىلىپ بېقىپتۇ، بىراق ئۇنۇم بەرمەپتۇ. ئاخىر بىر موللامنى تېپىپ ئوقۇتۇپتۇ. موللام:

— ئەپەندىم، ماڭا ئوخشاش كۆزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇڭ، بىردەمدىن كېيىن ئۇخلاپ قالىسىز، — دەپ كۆزىنى يۇمۇپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇغىلى باشلاپتۇ.

ئەپەندىم «خوپ!» دەپ، كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ ئوغلى كېلىپ قارىسا، ئەپەندىم كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرغان، دادام ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، موللامغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ يولغا سالىپتۇ.

موللام پۇلنى ئېلىپ ئەمدى بوسۇغىدىن چىقىشىغا، ئەپەندىم بىر كۆزىنى ئېچىپ:

— ئاۋۇ يالغانچىنى تۇتۇۋېلىڭلار، مەن تېخى ئۇخلاپ قالغىنىم يوق! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

(تۈركمەن)

# ئەپەندىمنىڭ ھېساباتى

بىر كۈنى چۈشتە، ئەمەت ۋە سەمەت ئىسىملىك ئىككى كىشى سەپەر ئۈستىدە غىزالىناي دەپ تۇرۇشى- غا، ناھايىتى ھارغىن چىراي بىر كىشى ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئۇ كىشىگە ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنى بىللە غىزال- نىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئەمەت خۇرجۇندىن بەش ناننى چىقىرىپتۇ، سەمەت ئۈچ نان چىقىرىپتۇ. ئۈچەيلەن خۇشال غىزالىنىپتۇ. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئەمەت بىلەن سەمەتكە كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، ئۇلارغا سەككىز تەڭگە بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

ھېلىقى كىشى كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئەمەت سەككىز تەڭگىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۆزى بەش تەڭگىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۈچ تەڭگىنى سەمەتكە بېرىپتۇ. سەمەت بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ئەپەندىم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئەمەتكە يەتتە تەڭگە، سەمەتكە بىر تەڭگە، — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

سەمەت ئاچچىقلىنىپ:

— ئەپەندىم، مەن بىر تەڭگىنى ئېلىش ئۈچۈن ئال- دىڭىزغا كەلگىنىم يوق! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئالدىرىماي تۇرۇپ ئۆز ھۆكۈمىنىڭ ئاسا-
سىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:
— سىلەر ئۈچ كىشى سەككىز نان يېدىڭلار، شۇن-
داقمۇ؟ ئەگەر بىر ناننى ئۈچكە بۆلسەك، بىرىڭلارغا
بىر پارچىدىن تېگىدۇ، ئەگەر سەككىز ناننى يىگىرمە
تۆتكە بۆلسەك، بىرىڭلارغا سەككىز پارچىدىن تېگىدۇ.
شۇنىڭدا ئەمەت بەش نان چىقارغانىكەن، ئۇنى ئون بەش-
كە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئەمەت سەككىز
پارچىنى يېگەن بولسا، مېھمان يەتتە پارچىنى يېگەن
بولىدۇ. سەن سەمەت ئۈچ نان چىقارغانىكەنسەن، ئۈچ
ناننى توققۇز پارچىغا بۆلسەك، سەن سەمەت سەككىز
پارچىنى يېگەن بولساڭ، مېھمان ئاران بىر پارچىنى
يېگەن بولىدۇ. ئۇ مېھمان سىلەرگە سەككىز تەڭگە
بەرگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئەمەتكە يەتتە، سەمەتكە بىر تەڭ-
گە تېگىدۇ ـ دە!
بۇنداق ھېسابلاشنى ئاڭلاپ باقمىغان سەمەت نېمە
دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

(تۈركمەن)

# يەنە نېمە كەم؟

بىر كۈنى، ئەپەندىم ئاغىنىلىرى بىلەن سەيلىگە چىقىپتۇ. ئاغىنىلىرى ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ، تاماق ئېتىشنى ئەپەندىمگە ئارتىپ قويۇپتۇ.

ئەپەندىم ئامالسىز ئوت قالاپ تاماق ئېتىشكە تەمشىلىپتۇ. ئاغىنىلىرىدىن بىرى كېلىپ، ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ:

— ئەپەندىم، گۆش - پۆش، ماي - پاي، تۇز - پۇز، دورا - دەرمانلارنىڭ ھەممىسى مانا بۇ يەردە، يەنە نېمە كەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ھەممە نەرسە تولۇق ئىكەن، يەنە بىرلا نەرسە كەمدەك قىلىدۇ! — دەپتۇ.

— قانداق نەرسە؟

— خوتۇن - پوتۇن! — دەپتۇ ئەپەندىم دەرھال.

(ئۇيغۇر)

*****************************

# بىرلا كۆن

ئەپەندىم ئۆيلىنىپتىكەن، خوتۇنى كوتۇلدىغاق چىقىپ قاپتۇ. يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن كۈندە كوتۇلداۋېرىپ، ئەپەندىمنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئەپەندىم بۇ كوتۇلداشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئەتىگىنى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئەپەندىم ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا خوتۇنى يەنە كوتۇلداپتۇ:

— ئەر بولماي قۇرۇپ كېتىڭ، ئەتىگىنى چىقىپ كېتىسىز، ئاخشىمى كىرىسىز، ھېلىمۇ مەن چىداپ يۈرۈۋاتىمەن، ئەگەر باشقا خوتۇن بولىدىغان بولسا، نىكاھ كۈنىلا جېدەل چىقىراتتى.

— بولدى، خوتۇن، ئارىمىزدا ئۇرۇشمىز ئۆتكەن شۇ بىرلا كۈن بار ئىدى، ئەمدى ئۇنى چىشلەپ تارتمىغىن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ھۆسن ـ جامال ۋە نان

ئەپەندىم خوتۇنى بىلەن قىزىق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا قورسىقى ئېچىپ قاپتۇ ـ دە، خوتۇنىدىن نان سوراپتۇ:

— ناننى نېمە قىلىسىز؟ مېنىڭ جامالىمغا قارىسىڭىز تويىسىز! — دەپتۇ خوتۇنى.

— ھۆسن ـ جامالىڭ مېنى ئېرىتىپ كېتىۋاتىدۇ، نان چىلاپ يېمىسەم، ئىچىمنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# تەتۈر ئات

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىنىڭكىدە بوزا ئىچىپ مەست بولۇپ قاپتۇ - دە، ئېتىغا تەتۈر مىنىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئادەتلىنىپ قالغان ئات ئەپەندىمنى ئۇدۇل ئۆيىگە ئەكېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆر- گەن خوتۇنى ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ:

— ۋاي شورۇم... شەرمەندە ئەپەندىم! بۇ قانداق قىلىق! ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ شەرمەندە بولامدۇ، ئاتقا تەتۈر مىنىۋالغىنىڭىز نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپتۇ.

— مەن ئوڭمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئاتنىڭ ئۆ- زى تەتۈر!...

(قىرغىز)

# بىچارە ئەر...

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇ خوتۇن بولار - بولماسقا ئەڭگىزلىك قىلىپ: «ئۆلگەن ئېرىم ئۇنداق ئىدى، بۇنداق ئىدى» دەپ يىغلايدىكەن. ئەپەندىم بىر كۇنى ئۇنىڭدىن قاتتىقراق يىغلاپتۇ. خوتۇن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— مەنغۇ ئۆلگەن ئېرىمنى ئەسلەپ يىغلاۋاتىمەن، سىز نېمىشقا يىغلاۋاتىسىز، ئەپەندىم؟

ئەپەندىم ئۆزىنى تۇتالماستىن ھىق - ھىق يىغلاپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەگەر ئاشۇ بىچارە ئېرىڭ ئۆلمىگەندە سەن تۇل قالمىغان بولاتتىڭ، مەن ساڭا ئۆيلەنمىگەن بولاتتىم! ...

(تۈركمەن)

# قوشنا خوتۇن سەۋەبچى

نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ چۆشىگە قوشنىسى تۇل خو-
تۇن كىرىپ قاپتۇ. بۇ خوتۇن شۇنداق چىرايلىق ھەم
يېقىملىق ئىكەنكى، ئەپەندىم چىداپ تۇرالماي، ئۇنى
مەيدىسىگە بېسىپ، كالپۇكلىرىگە سۆيۈۋاپتۇ. بۇ ئىش
ئەپەندىمگە بەك يېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يەنە بىر قې-
تىم سۆيۈۋالماقچى بوپتۇ. شۇ ئارىدا ئەپەندىم «تارس»
قىلىپ تەگكەن شاپىلاقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ-
تۇ. قارىسا يېنىدا ئۆزىنىڭ خوتۇنى ياتقان.

— ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى ئاچچىقلى-
نىپ، — بۇ قانداق قىلىق؟ قولىقىمنى چىشلەپ ئۈزۈ-
ۋەتكىلى تاسلا قالدىڭىز!

— كەچۈرگىن، خوتۇن، ئەيىب مېنىڭدە
ئەمەس، — دەپ خىجالەت بولۇپ غودۇڭشۇپتۇ
ئەپەندىم، — بۇ ئىشنىڭ ھەممىسىگە ھېلىقى قوشنا
خوتۇن سەۋەبچى.

(ئۇيغۇر)

# پېتىر نان

ئەپەندىم بازاردىن كېلىپ خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ئەتە ئۆيگە مېھمان كېلىدىغان بولدى، قاتلىما ياققىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

خوتۇنى:

— ئۆيدە بىر چىمدىم ئۇن بولمىسا، نېمىدە ياقدىمەن، — دەپ رەنجىپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئۇن بولمىسا پېتىر قىلىپ يېقىۋەرگىن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# هودۇقۇش

ئەپەندىم مەشرەپكە بىرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن خوتۇنىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— ئەجەب ئوبدان خوتۇنسەن - دە، نېمە دېسەم ماقۇل دەيدىغان، ئاناڭ سەندەك قىزدىن بىرنىلا تۇغۇپ قويۇپتىكەن!

— ھە، ئىككىنى تۇغقان بولسا نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

ئەپەندىم تۇيۇقسىز بېرىلگەن سوئالدىن ھودۇقۇپ قاپتۇ - دە، دەرھال:

— ئۇنىمۇ ئۆزۈم ئالاتتىم، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# كۆزەينەكنى بەر

ئەپەندىم ئۇخلاپ يېتىپ، يېرىم كېچىدە خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ:

— خوتۇن، خوتۇن، چاققان بول، كۆزەينەكنى ئېلىۋەت!

خوتۇنى ھەيران بولۇپ:

— يېرىم كېچىدە كۆزەينەكنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتىكەن، ئەپەندىم:

— چىرايلىق بىر قىزنى چۈشەپ قالدىم، ئەپسۇس بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئەرگە ئوخشىدىمۇ؟

ئەپەندىم بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان بوپقاپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سىزمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش كوچىغا چىقىپ تۇرسىڭىز، ئۆيگە كۆپ كىرىۋالمىسىڭىز نېمە بولار - ھە! — دەپتۇ.

ئەپەندىم كىيىمىنى كىيىپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇ چىققىنىچە كوچىدا تۆت كۈن يۈرۈپتۇ. بەشىنچى كۈنى بىر ئاغىنىسىنى ئۇچرىتىپ:

— دوستۇم، خوتۇنۇمدىن سوراپ باققىنە، ئەرگە ئوخشىدىمۇ ياكى يەنە ئۈچ - تۆت كۈن يۈرۈپ تۇرايمۇ؟

(ئۆزبېك)

## نېمىدەپ يىغلايسەن؟

ئەپەندىمنىڭ تاۋى يوق ئىكەن، خوتۇنىدىن:
— ئەگەر مەن ئۆلۈپ قالسام نېمىدەپ يىغلاي-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سىز دەپ بېقىڭە، نېمىدەپ يىغلىسام بولار؟
— ياشلىقىمدا كۆيمىگەن، قېرىغىنىمدا تويمىغان ئېرىم، دەپ يىغلىغىن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)



# قىلىچ ۋە كۆسەي

ئەپەندىم بازارنى ئارىلاپ، بىكارچىلىقتىن ئۇنى - بۇنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، قىلىچ كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

— قىلىچىڭىز نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— ئون تىللا، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— بەك قىممەتقۇ؟

— قىممەت بولسىمۇ ئۆزگىچە خاسىيىتى بار: بىراۋغا ھۇجۇم قىلسىڭىز ئون گەز سوزۇلىدۇ.

ئەپەندىم بېشىنى چايقاپتۇ:

— ئون گەز سوزۇلسا ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن، مېنىڭ خوتۇنۇم ھۇجۇم قىلسا قولىدىكى كۆسەي يىگىرمە گەز سوزۇلۇپ، مېنىڭ بېشىمغىلا تېگىدۇ.

(ئۆزبېك)

# ئوغرىدىن ئۈمىد

بىر كېچىسى ئەپەندىمنى خوتۇنى ئويغىتىپتۇ:

— ئەپەندىم، تۇرۇڭ، ئۆيگە ئوغرى كىردى.

— مىدىرلىماي جىم يېتىۋەر، ئوغرى ھېچ نەرسە تاپالمىسا، بىزگە ئىچى ئاغرىپ بىرەر نەرسە تاشلاپ چىقىپ كېتەر، — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇنىغا.

(ئۇيغۇر)

# سەنمۇ شۈكۈر قىل

ئەپەندىم بىر كۈنى ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ، كەينى ـ كەينىدىن «شۈكۈر» دەپتۇ.

خوتۇنى:

— هوي، ئېشەك يوقاتقان ئادەم ئىچى ئېچىشماي، شۈكۈر قىلامدۇ؟ — دەپتۇ ئاچچىقلاپ.

— خۇدايىم بىر ساقلىدى دېگىنە، ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم بولغان بولسام، مېنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتىڭ، سەنمۇ شۈكۈر قىل! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بۇگلۇككە* پاتمىدۇق

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، باشقا بىر خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى بۇگلۇكتە يېتىپ بۇرۇنقى ئېرىنى ماختاشقا باشلاپتۇ.

ئەپەندىم بۇنىڭغا جاۋابەن:

— مېنىڭمۇ مەرھۇمە خوتۇنۇم بەك مۇلايىم، ياخشى خوتۇن ئىدى، — دەپلا خوتۇنىنى بۇگلۇكتىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. قولى قايرىلىپ كەتكەن خوتۇنى تېرىكىپ ئەپەندىم بىلەن سوقۇشۇپ كېتىپتۇ.

بۇ ماجىرانى ئاڭلىغان قوشنىلىرى كىرىپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بىكاردىن ـ بىكار خوتۇنىڭىزنى بۇگلۇكتىن ئىتتىرىۋەتكىنىڭىز نېمىسى؟

— مەن ئىتتىرمىدىم، ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق يىقىلىپ چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىلىرى.

— ئەسلىدە بىز ئىككىمىز بىر بۇگلۇكتە ياتقاندۇق. بىر پەس ياتقاندىن كېيىن ئارىمىزغا خوتۇننىڭ

* بۇگلۇك — سۇپا ئورنىدا يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان ياغاچ كارىۋات.

رەھمەتلىك ئېرى كېلىپ ياتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مې-
نىڭمۇ رەھمەتلىك خوتۇنۇم كېلىپ قوشۇلدى - دە،
بۇگلۇكتە تۆت كىشى بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن
خوتۇنۇم بۇگلۇككە پاتماي يىقىلىپ چۈشتى، — دەپتۇ
ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# ئۆزۈڭدىن كۆر

ئەپەندىم دائىم دېگۈدەك ئۆيگە كەچ قايتىدىكەن. بىر كۈنى خوتۇنى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، كېچىلىرى تالادا يۈرمەڭ، شەيتان ئازدۇرۇپ كېتىدۇ، — دەپ جوراپتۇ.

— شەيتان قانداق ئازدۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— شەيتان ياش قىزلارنىڭ تۇرقىغا كىرىپ، ئەرلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەرمىش، ئاۋايلاڭ!

— يوقىلاڭ گەپنى قوي، ھېلىغۇ ياش قىزلاركەن، ھۆر - پەرىلەرنىڭ تۇرقىغا كىرىۋالسىمۇ ئازدۇرالمايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئەتىسى ئەپەندىم يەنە كەچ قايتىپتۇ. خوتۇنى ياش قىزلاردەك ياسىنىپ، قىپقىزىل ياغلىقنى ئارتىپ، ئەپەندىم كېلىدىغان يولدىكى بىر تېرەكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم يېقىن كەلگەندە، خوتۇنى ئۈنىنى ئۆزگەرتىپ:

— ھوي ئادەم، بۇ ياققا قاراڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال بۇرۇلۇپ قارىسا، يول ياقىسىدا ئوتقاشتەك ياسانغان بىر قىز تۇرغۇدەك، ئەپەندىمنىڭ

يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ ـ دە:

— سىز كىم؟ — دەپتۇ.

— مەن شەيتاننىڭ قىزى، — دەپتۇ ھېلىقى «قىز»، — سىزنى ئازدۇراي دەپ تۇرىمەن.

ئەپەندىم:

— ئازدۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ئۆزىڭىز تەييار بولسىڭىز بولغىنى، — دەپ «شەيتان» نىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، قارىسا ئۆز خوتۇنى ئىكەن.

— قانداق؟ — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇنىغا، — ھەرقانداق شەيتان ئېزىقتۇرالمايدۇ، دېگەن ئەمەسمىدىم، مانا ئۆزۈڭ ئېزىقتۇردۇڭ، ئۆزۈڭدىن كۆر.

(ئۇيغۇر)

## دەمدە

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تۇغۇتتا بەكمۇ قىينىلىپتۇ. كىندىكئانا بولغۇچى خوتۇن چىقىپ ئەپەندىمگە:

— خوتۇنىڭىز قىينىلىپ كەتتى، بىكار ئولتۇرغىچە يا ئۆزىڭىز دەمدە قىلىڭ، يا بولمىسا بىرىگە دەمدە قىلدۇرۇپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم سىرتقا چىقىپ، تۆت تال ئوشۇق بىلەن بىر قونچاقنى ئەكېلىپ كىندىكئانىغا بېرىپتۇ - دە:

— بۇنى ئەكىرىپ خوتۇنۇمنىڭ ئايىغىغا قويۇڭ، ئوغۇل بولسا ئوشۇقنى كۆرۈپ چۈشىدۇ، قىز بولسا قونچاقنى، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئىككى ئوت بىر بولۇپ

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى نان يېقىپتۇ. ناننى تونۇرغا چاپلاپ بولغاندىن كېيىن ئەپەندىمنى چاقىرىپ:

— دادىسى، تونۇردىكى نانغا قاراپ تۇرۇڭ، مەن تاماقنا تەييارلىق قىلاي، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم تونۇر بېشىغا چىقىپ ئولتۇرسا، قوشندسنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى ئۆگزىگە قاق يايغىلى چىقىپتۇ. ئەپەندىم ئۆگزىگە قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئۆيدىن چىقىپ، ئۆگزىگە تىكىلىپ قالغان ئەپەندىمگە دوق قىپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمانچە ئۆگزىگە قاراپ قالدىڭىز، ئۆگزىدە سىزگە ئوت كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم كۆزىنى ئۆگزىدىن ئېلىپ تونۇرغا قارىسا، نانلار كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

— ھەي ئىسىت، — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇنىغا قاراپ، — مانا ئىككى ئوت بىر بولۇپ تونۇردىكى ناننى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# بوغداي ۋە خالتا

ئەپەندىم بىر خالتا بوغداينى كۆتۈرۈپ تۈگمەنگە كېتىۋاتقانىكەن، يولدا قىمار ئويناپ ئولتۇرغان بىر توپ قىمارۋازغا يولۇقۇپ قاپتۇ.

ئەپەندىم قىمارنى تاماشا قىلىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرىدىن ئوچۇملاپ پۇل يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ قىزىقىپ قاپتۇ ۋە قولىدىكى بوغداينى خالتىسى بىلەن تىكىپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەپەندىم ئۇتتۇرۇپ قويۇپ خوتۇنىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىش توغرىسىدا ئويلانغاچ تۈگمەنگە بېرىپتۇ ـ دە، باش ـ كۆزىگە ئۇن ملەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

— ئۇنىڭىز قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— ۋاي خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇنداق بىر خالتا ـ يېرىم خالتا بوغدىيىڭ توزۇپ كېتىدىكەن...

— ئۇن توزۇپ كەتكەن بولسا، خالتا قېنى؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— خالتىنى تۈگمەن ھەققىگە بېرىۋېتىپ كەلدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# چىراغ يېغى

ئەپەندىم بىر جۇۋازچىنىڭ خوتۇنىغا كۆز قىسىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ خوتۇن بىر كۈنى ئوغلىنى ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ، ئەپەندىم يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ ـ دە، دالاندا كەشىنى سېلىۋاتقاندا كوچا ئىشىكى تاقىلداپتۇ. قورقۇپ كەتكەن خوتۇن، ئەپەندىمنى يوشۇرماقچى بولۇپ، جۇۋازخانىغا ئەكىرىپ جۇۋازغا قوشۇپ قويۇپتۇ. ئىشىكنى تاقىلداتقان جۇۋازچى ئىكەن.

كۆپ ئۆتمەي جۇۋازچىنىڭ خوتۇنى:

— دادىسى، چىراغ يېغىمىز تۈگىگەنىكەن، ئازراق ياغ تارتىۋالاي دەپ، قوشنىمىزنىڭ ئېشىكىنى سوراپ جۇۋازغا قوشۇپ تۇرغانىدىم، — دەپتۇ.

جۇۋازچى ئەپەندىمنى تازا قامچىلاپ جۇۋازنى ساق بىر سائەت ئايلاندۇرۇپتۇ.

چىراغ يېغى تارتىلىپتۇ. ئەپەندىم ۋاقىتنى پايلاپ تۇرۇپ قېچىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىم

جۇۋازچىنىڭ ئوغلىنى كوچىدا كۆرۈپ قاپتۇ.
— چوڭ دادا، — دەپتۇ بالا، — يۈرۈڭ بىزنىڭكىگە!
ئەپەندىم بالىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:
— ھە ئوغلۇم، چىراغ يىغىنچىلار تۇگىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# خوتۇن ۋە ئوت

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئۆيدە يوق ئىكەن، ئەپەندىم چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت قالىماقچى بوپتۇ. شۇنچىلىك ئۇرۇنۇپتۇكى، يەلپۈپتۇ، پۈۋلەپتۇ، ئوت زادىلا تۇتاشماپتۇ. ئاخىر، ئەپەندىم ئۆيگە كىرىپ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ چىققانىكەن، ئوت ئۆز - ئۆزىدىن يېنىپ كېتىپتۇ.

«هە، يانمىغىنىڭنى كۆرەي! مېنىڭ خوتۇنۇمدىن قورقمايدىغىنى يوق - دە!» دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## ئاۋارە بولماڭ

ئەپەندىنىڭ خوتۇنىنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قېلىپ، ئېرىگە:

— دەررۇ تېۋىپ تېپىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم سەللىسىنى ئوراپ، پەرجىسىنى كىيىپ كوچىغا چىقىپتۇ. خوتۇنى ئارقىسىدىن:

— ئەپەندىم، بولدى ئاۋارە بولماڭ، ياخشى بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ.

ئەپەندىم، خوتۇنىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، يۈگۈرگىنىچە تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— خوتۇنۇمنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالغانىدى، «دەررۇ تېۋىپ تېپىپ كېلىڭ» دېدى. لېكىن مەن كوچىغا چىقىشىم بىلەن ئارقامدىن «ئاۋارە بولماڭ، ياخشى بولۇپ قالدىم» دېدى. مەن سىزگە شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم: ئاۋارە بولماڭ، خوتۇنۇم ياخشى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# قانچىلىك يول باستۇق

ئەپەندىم بىر كۈنى خوتۇنى بىلەن بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە مېھمانغا مېڭىپتۇ. بۇ تۆت كۈنلۈك يول ئىكەن. ئۆيدىن چىقىپ ئون — ئون بەش مىنۇت يول ماڭغاندىن كېيىن خوتۇنىدىن:
— قانچىلىك يول باستۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۈگۈن، ئەتە يول باسساق، ئىككى كۈنلۈك يول باسقان بولىمىز، — دەپتۇ خوتۇنى.
— گەپنى مۇنچىۋالا سوزماي، يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەن بولىمىز دېسەڭ بولمامدىمۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم

(ئۆزبېك)

# زاغرا

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى شورپا قىلىپ، زاغرا نان بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەپەندىم شورپىغا ناننى سالماي چىشلىگەن، نان چۆكۈپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم نانغا قاراپ: «ئۈزۈشنى بىلمىسەڭ سۇغا چۈشۈپ نېمە قىلاتتىڭ!» دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# خوتەك

ئەپەندىم ئوۋغا چىقىپتىكەن، دالىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ياۋايى خوتەكنى كۆرۈپ قاپتۇ: «ئەمدى نېمە بولسىمۇ قورۇق كەتمەي» دەپ ئۇنى قوغلاپتۇ. خوتەك تۇتۇق بەرمەپتۇ. ئەپەندىم خاپا بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قورۇق قايتقىنىنى كۆرگەن خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— ھېچ نەرسە ئوۋلىيالمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي خوتۇن، بۈگۈن ئوۋ ناھايىتى ئوڭدىن كەلگەنىدى، ھارام ئۆلگۈر تۇتۇق بەرمىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ھە، ھە، ئۆزى نېمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— كىچىككىنە بىر خوتەك ئۇچرىدى، ئېتىشقا قولۇم بارمىدى، تۇتاي دېسەم قوغلاپ يېتەلمىدىم… ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەتتەڭ! تۇتۇپ كەلگىنىڭىزدە مەن ئاۋايلاپ ئۆي ئىچىدە مىنىپ يۈرەتتىم، — دەپتۇ خوتۇنى.

ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئۆزۇڭچە نېمىدىڭ سەن، تېخى بېلى قاتمىغان خـوتەكنى مىنىدىغـان! — دەپ خـوتۇننى قـوغلاپ كېتىپتۇ.

(ئۆزبېك)



# ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ئويناقلاپ كېتىپ بېرىپ ئەپەندىمنى يىقىتىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا:

— خوتۇن، بۇ هارام ئۆلگۈرنى يەمدىن تارتىپ قوي، كۆن ئارىلاپ بەرگىن!

خوتۇنى ئەپەندىمنىڭ ئېيتقىنىنى قىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىلا ئېشەكنىڭ هاڭراشقىمۇ ماغدۇرى قالماپتۇ. ئەپەندىم بۇنى كۆرۈپ رەهمى كەپتۇ ـ دە، خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ئېشەكنىڭ يېمىنى بۇرۇنقىدەك بەرگىن، لېكىن بۇ سۆزۈمنى ئېشەك ئاڭلاپ قالمىسۇن. ئاڭلاپ قالسا، يەنە يامانلىشىۋالىدۇ، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# قوشنىسىنىڭ قىزى

قار ياغقان كۈنى ئەپەندىم ئۆيدە مەشكە يېقىن يەردە پەي ياستۇققا يانپاشلاپ، «مىڭ بىر كېچە» نى ئوقۇپ ياتاتتىكەن، تاشقىرىدا تونۇرغا نان يېقىۋاتقان خوتۇنى ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ:

— ھۇرۇنلۇقمۇ چېكى بىلەن - دە! تونۇرغا ئوت يېقىپ بېرىشكە يارىمىغىنىڭىزغا يارىشا، چىقىپ باشقا ئىشلارغا بولسىمۇ قارىشاي دېمەيسىز! — دەپتۇ.

ئەپەندىم كىتابنى يېپىپ قويۇپ ھويلىغا چىقىپتۇ.

— ئۆرگۈلەي خوتۇن، خىزمىتىڭىز بولسا بۇيرۇڭ!

— گۇرجەكنى ئېلىپ، قارنى بىر جايغا توپلاڭ.

ئەپەندىم ئاستا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ھويلىدىكى قارلارنى بىر جايغا توپلاشقا باشلاپتۇ. خوتۇنى سېۋەتنى ئېلىپ ئاشخانىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— ئارىلاپ - ئارىلاپ تونۇردىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ، ئېقىپ چۈشۈپ كېتەي دېسە يەڭلىك بىلەن بىسىپ قويۇڭ، مەن كېپەكتىن جىرىس يۇغۇرۇپ چىقىمەن.

ئەپەندىم ناندىن خەۋەر ئېلىش باھانىسىدە تونۇردا

قول ئىسسىتقاچ، يوچۇقتىن قوشنا هويلىغا كۆز تاشلاپتۇ. قوشنىسىنىڭ چاي ئىچۇرۇپ قويغان ئون سەككىز ياشلىق قىزى هويلىدا قار سۈپۈرۈۋېتىپتۇ.

خوتۇنى ئاشخانىدىن چىقىش بىلەن ئەپەندىم تونۇردىكى قىزىرىپ پىشقان توقاچلارغا قاراپ:

— ئۇھ - ئۇھ - ئۇھ، راسا تاماشا قىلىدىغان بولۇپ پىشىپتۇ - دە! ئۇ مەڭزىدىن - بۇ مەڭزىدىن چىشلەپ- چىشلەپ ئالسام! — دەپ توۋلاپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى كېلىپ سوراپتۇ:

— مېنىڭ نېنىمنى ماختاۋاتامسىز؟

— هە! سېنىڭ نېنىڭنى ماختىماي، قوشنىنىڭ قىزىنى ماختامتىم!…، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# قايسىبىرىگە ئىشىنەي

ئەپەندىم ئۆيىگە قورسىقى ئېچىپ كېلىپ، خوتۇنىغا:

— خوتۇن! ئازراق سۇزمە بىلەن نان ئەكەلگىن. سۇزمە ناھايىتى ياخشى نەرسە، ئىشتىھانى ئېچىپ، مەيدىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، — دەپتۇ.

— سۇزمە تۈنۈگۈن تۈگىگەنىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى.

— تۈگىگىنى ياخشى بوپتۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم، — سۇزمە چىشقا ۋە قورساققا زىيان قىلىدۇ.

— بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ قايسىبىرىگە ئىشىنەي؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— بولسا ئاۋۋالقىسىغا، بولمىسا كېيىنكىسىگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# كۆزۈم ئۆتكۈر ئىكەن

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ پەرىجىسىنى يۇيۇپ، هويلىدىكى دەرەخكە يېيىپ قويۇپتىكەن، كېچىسى سىرتقا چىققان ئەپەندىم بۇنى ئوغرىمىكىن دەپ ئويلاپ، ئوق ميلتىقىنى ئاچىقىپتۇ - دە، چەللەپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىمگە خوتۇنى:

— هوي، ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ پەرىجىسىگە ئۆزىڭىز ئوق ئېتىپسىز، — دەپ كايىپتۇ.

— شۈكۈر قىل، هېلىمۇ كۆزۈم ئۆتكۈر ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — پەرىجىنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم بولغان بولسام، قاراپ تۇرۇپ تۇل قالاتتىڭ.

(ئۇيغۇر)

# يەرنىڭ گۇناھى

ئەپەندىم يېڭىدىن ئۆيلىنىپتىكەن، خوتۇنى ئازا-زۇل چىقىپ قاپتۇ. كۇندىلا ئەرزىمەس ئىشلار ئۇچۇن غوۋغا كۆتۈرۈپ ئەپەندىمنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ.

بىر كۇنى خوتۇنى يوقلا بىر ئىش ئۇچۇن ئەپەندىم-گە كايىپ:

— ئەجەبمۇ ئەر ئىكەنسىز، سىزدەك ئەرگە تەگكۇ-چە، يەرگە تەگسەم بولماسمىدى! — دەپتۇ.

— يەر سەندەك بىر خوتۇنغا ئۆيلەنگۇدەك نىمە گۇ-ناھ قىپتىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خۇرجۇن

ئەپەندىم بازارغا كىرىپ خۇرجۇننى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، خوتۇنىغا باھانە كۆرسىتىپ:

— خوتۇن، بۈگۈن بازاردا كارامەت ئىش بولدى. قارا، ھەممە ئادەم خۇرجۇننى يوقاتتى، — دەپتۇ.

— سىزچۇ؟

— ھەممە ئادەم يوقاتسا، مەن قاراپ تۇراتتىممۇ؟ ئەلۋەتتە، مەن ھەممىدىن ئاۋۋال يوقاتتىم - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قۇل مۇھەممەد ئەزمە

ئەپەندىمنىڭ بۆشۈكتىكى بالىسى يىغلاڭغۇ ئىكەن. بىر كېچىسى ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى بالىنى ئۇخلىتالماي ئەپەندىمگە كايىپتۇ:

— ئەپەندىم، بالىنىڭ جاپاسىنى مەنلا تارتىمەنمۇ، دادىسى بولغاندىكىن سىزمۇ جاپاسىنى تارتىپ كۆرۈڭ، بۈگۈن كېچە بالىنى ئۆزىڭىز ئۇخلىتىڭ!

ئەپەندىم كىيىملىرىنى كىيىپ تالاغا مېڭىپتۇ. خوتۇنى تېخىمۇ تېرىكىپ:

— بالىنى ئۇخلىتىڭ دەيمەن، تالادا سىزگە نېمە بار؟ — دەپتۇ.

— قۇل مۇھەممەد ئەزمىنى چاقىرىپ كېلەي دېۋەتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن، — ئۇ قۇرئان ئوقۇسا مەسچىتتىكى ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالاتتى، ئۇنىڭ قۇرئاننى ئاڭلىسا، بالىمىزمۇ ئۇخلاپ كېتىدۇ.

(ئۇيغۇر)

# هېلىمۇ چىقمىغان مېنىڭ جېنىم

ئەپەندىمگە ئاغىنىلىرى تازىمۇ سەت بىر خوتۇن ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ سەتلىكىنى يۈزىگە سالالماي، بىر ئەينەك سېتىۋېلىپ كېلىپ تامغا قاداپ قويۇپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ رەنجىپتۇ:

— ئەينەك تېپىلمىغاندەك، ئەجەب سەت كۆرسىتىدىغان ئەينەك ئاپسىز، جېنىمنى چىقىرىپ، قويۇڭ، بۇنداق ئەينەكنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى، — دەپ ئەينەكنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋېتىپتۇ.

ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە:

— چىرايىڭنى بىر قېتىم ئەينەكتە كۆرگىنىڭگە شۇنچە رەنجىيسەن، مەن چىرايىڭنى كۈندە ئون قېتىم كۆرىمەن، هېلىمۇ چىقمىغان مېنىڭ جېنىم، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# مەندىن قاچىدىغانلا ئىش بولسا...

ئەپەندىمنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنى تازىمۇ بولۇمسىز، ئۆتۈپ كەتكەن ياسانچۇق ئىكەن. پۈتۈن كۈننى پەرداز بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۆي ئىشلىرىنى ئەپەندىمگە تاشلاپ قويىدىكەن.

ئەپەندىم خوتۇنىدىن تويۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، خوتۇنى:

— ئەپەندىم، يار - بۇرادەرلىرىڭىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز خېيمۇ كۆپ ئىكەن، قايسىلىرىغا كۆرۈنمەن، قايسىلىرىدىن قاچىمەن، كېيىن كۆڭلىڭىزگە كېلىپ يۈرمىسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەندىن قاچىدىغانلا ئىشىڭ بولسا، ھەممىسىگە كۆرۈنۈۋەر! — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# قېنى، ئەمدى ئېشەككە يەم ساله!

ئەپەندىم ئېشىكىنى ئۆزى بېقىۋېرىپ زېرىكىپتۇ.

— خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — سەنمۇ ماڭا ئوخ-شاش ئادەم بولغاندىكىن، ئېشەككە ئانچە - مۇنچە يەم سېلىپ تۇرساڭچۇ!

— مېنىڭ نېمە كارىم! ئېشەكنى ئۆزىڭىز مىنگەن-دىكىن ئۆزىڭىز بېقىڭ! — دەپتۇ خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن جېدەل چىقىپتۇ. ئاخىر ئۇلار «كىم ئالدىدا گەپ قىلسا، ئېشەكنى شۇ باقىدۇ» دېگەن قارار-غا كېلىشىپتۇ.

ئۈن چىقىرىشمىغاندىن كېيىن، خوتۇنى بېشىغا ياغلىقىنى تېڭىپ قوشنىسىنىڭكىگە چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى قوشنىسىغا دەپ بېرىپتۇ.

— ئېرىم ناھايىتى تەرسا، — دەپتۇ ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى، — ئەگەر تاماق - پاماق بەرمىسەك، ئاچتىن ئۆلۈپ قالسىمۇ ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋېرىدۇ.

قوشنىسى ئەپەندىمگە ئوغلىدىن بىر ئاپقۇر شورپا چىقىرىپتۇ.

شۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ ھويلىسىغا ئوغرى كىرىپ، ئامبار ۋە ئاشخانىدىكى قولغا چىققۇدەك، پۇلغا يارىغۇ-

دەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپتۇ، كېيىن بۇلۇڭدىكى ئۆيگە بېشىنى تىقىپتۇ، ئوغرى ئەپەندىمنى كۆرۈپ قاچماقچى بوپتۇ. بىراق، ئەپەندىم ئۈندىمەپتۇ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەپتۇ. ئوغرى: «بۇ ئادەم ئولتۇرغان جايىدا ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ گەپ قىلىپ بې-قىپتۇ، ئەپەندىم جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغرى يۈرەكلىك ھالدا ئۆيگە كىرىپ بار نەرسىلەرنى يىغىشتۇ-رۇپتۇ. ئوغرى، ھەتتا ئەپەندىمنىڭ بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ، ئېشەكنىمۇ يېتىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئوغرى كەتكەندىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئاپقۇردا شورپا كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ ۋە ئەپەندىمگە قاراپ: «شورپا ئەكىردىم» دەپتۇ، ئەپەندىم ھېچبىر ئۈندىمەس-تىن، ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى بالىغا بىلدۈرۈش ۋە خوتۇنىنى دەرھال چاقىرىپ چىقىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئۇشقىرتىپتۇ، كېيىن قولىنى ئايلاندۇرۇپ، بېشىنى كۆرسىتىپتۇ. بالا بولسا، بۇ ئىشارەتنى پۈتۈنلەي باش-قىچە چۈشىنىپتۇ: «ئەپەندىم شورپىنى بېشىمدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ قۇي دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، شور-پىنى باش - كۆزىگە قۇيۇپتۇ. ئەپەندىم باش - كۆزى كۆيسىمۇ ئۈنچىقماپتۇ.

بالا ئۆيگە چىقىپ، ۋەقەنى ئانىسى ۋە ئەپەندىمنىڭ خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ئىشىكلەرنىڭ يوغان ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، نەرسىلەرنىڭ چېچىلىپ ياتقىنىد-نى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تەش-ۋىشلىنىپتۇ: «ئۆيدە يەنە بىرەر ئىش بولغان بولمى-

سۇن! » دەپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ، قارىسا، راستىنىلا ئامبار ۋە ئاشخانا ئىشىكلىرى ئوچۇق، نۇرغۇن نەرسە - كېرەك يوق تۇرغان، خوتۇن ئۆيگە كىرىپ، ئېرىنى كۆرۈپلا:

— ۋاي ئاللا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ ئاۋۋال گەپ قىلىۋەتكىنىدىن خۇشال بولۇپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، خوتۇنىغا قاراپ:

— قېنى، ئەمدى ئېشەككە يەم سالە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس

ئەپەندىم بىر كۈنى ئېشىكىنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ بېدىكچىگە تۇتقۇزۇپتۇ. بېدىكچى ئالغۇچىلارغا ئېشەكنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— ئۆزى نەسىللىك ئېشەك، يورغا، ئۇستىگە مىنۋېلىپ قىزىق شورپا ئىچسىمۇ ئادەمنىڭ ئېغىزى كۆيمەيدۇ، قويدىنمۇ ياۋاش، ئاتتىنمۇ كۈچلۈك.

ئېشەكنىڭ نەرخى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بېدىكچىنىڭ ماختىشىنى، ئالغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ، ئەپەندىممۇ قىزىقىپ قاپتۇ.

«توختا! ئېشىكىمدە شۇنچىلىك خىسلەتلەر بار ئىكەن، ئۆزۈم ئېلىپ قويسام بولمامدۇ!» ئەپەندىم ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئېشىكىنىڭ نەرخىنى ھەدەپ كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ، ئاخىر ئېشەكنىڭ نەرخى ئەللىك تەڭگىگە چىققاندا، ئېشەك ئۆزىگە قاپتۇ.

ئەپەندىم بېدىكچىگە ئەللىك تەڭگىنى ساناپ بېرىپ، ئېشىكىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ۋەقەنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. خوتۇنىمۇ ئەپەندىمگە بىر يېڭىلىق تېپىپ قويغانىكەن.

— مەنمۇ بۈگۈن بىر قىزىق ئىش قىلدىم، — دەپتۇ

خوتۇنى، — ئىشكىمىزنىڭ ئالدىدىن بىر قايماقچى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، چاقىردىم، «قايمىقىڭىز نەچچە پۇل؟» دېسەم، «يېرىم تەڭگە» دېدى، قولىغا ئالتۇن ئۈزۈكۈمنى بېرىپ، قولىدىن قايمىقىنى ئالدىم ـ دە، ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتىم، قايماقچى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كېتىپ قالدى. راسا رازى قىلىپتىمەنمۇ؟

— تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس، — دەپتۇ ئەپەندىم، — كوچىدا مەن، ئۆيدە سەن شۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىپ تۇرساق، ھە دېمەيلا بېيىپ قالىمىز.

(ئۇيغۇر)

# تولغاق

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنىنى كېچىسى تولغاق تۇتۇپتۇ. ئەپەندىم شامنى ياققۇچە بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئەپەندىم قوشنىسىنى كىندىكئانا بولۇشقا چاقىرىپتۇ. كىندىكئانا كىرگۈچە يەنە بىر بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئەپەندىم ئالدىراپ شامنى ئۆچۈرۈپتۇ.

— نېمىشقا شامنى ئۆچۈردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كىندىكئانا.

— شۇنىڭ ئۆزى بولدى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆمرىدە شامنى كۆرمىگەندەك، قاتارلىشىپ چىقىشىنى كۆرمەمسىز!

(ئۆزبېك)

# ئادەم ئاتىدىن قالغان كاللار

ئەپەندىم سەۋزىگە ئورا قېزىۋېتىپ، قوشنىسىنىڭ ئېغىلىدىن چىقىپ قاپتۇ - دە، ھودۇقۇپ خوتۇنىنى قىچقىرىپتۇ:

— خوتۇن، خوتۇن! ئادەم ئاتىدىن قالغان كاللار-نى كۆر! كاللارنىڭ كۆشىشى بۇرۇندىن قالغانىكەن!

(ئۆزبېك)



# ياغلىق توقاچ

ئەپەندىم بىر كۈنى ئۆيىگە مېھمان باشلاپ كېلىپ خوتۇنىغا:

— ھازىر نان ياققىن، — دەپتۇ.

خوتۇنى ئاچچىقى كېلىپ:

— ئۆيىڭىزدە بىر چىمدىم ئۇن بولمىسا، نېمە بىلەن نان ياقىمەن، — دەپ دوق قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ياغلىق توقاچ ياق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# قورقۇش

بىر كېچىسى، ئەپەندىم خوتۇنى بىلەن پىچىرلى-
شىپ ياتسا، سىرتتا ئۇشتۇمتۇت ئوغرىلارنىڭ ئاياغ
تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ئىك-
كىسى جىم بولۇۋاپتۇ. شۇ ئارىدا ئېغىلدىكى قوي مە-
رەپ كېتىپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى:

— مۇشۇ ئۆيگە كىرەيلى. ئاۋۋال قېرى بوۋاينى
ئۇرۇپ ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن قوينى ئۆلتۈرۈپ يەيلى،
ئۇنىڭدىن كېيىن خوتۇننى بۇلاپ قاچايلى، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئوغرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
دەرھال كەينى - كەينىدىن توختىماي يۆتىلىشكە باشلاپ-
تۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلار بەدەر قېچىپتۇ. بىرئازدىن
كېيىن خوتۇنى ئەپەندىمدىن:

— بايا ئەجەب قاتتىق يۆتىلىپ كەتتىڭىز، قورقۇپ
كەتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قورقمايچۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئوغرىلارغۇ
سېنى بۇلاپ كېتىدىكەن، شۇڭا قورقمايدىكەنسەن، قوي
بىلەن مەن بىچارىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمىز دەۋاتسا، ئەل-
ۋەتتە قورقىمىز - دە!

(ئەزەربەيجان)

# ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇش

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ:

— خوتۇنىڭىز ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاغىنىسىگە بىر قارىۋېتىپ، پېشانىسىنى تۇتقان هالدا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قاپتۇ.

— نېمىگە خىيال سۈرۈپ كەتتىڭىز؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى هەيران بولۇپ.

— سىز خوتۇنىڭىز ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ دەۋاتىسىز. خوتۇنۇمنىڭ يوقىتىپ قويغۇدەك ئەقلى يوق ئىدى، مەن يەنە ئويلاپ باقاي، ئۇ زادى نېمىسىنى يوقاتقاندۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئاجرىشىش

بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خوتۇنى بىلەن چىقىشالمىغانلىقىنى، قەتئىي ئاجرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— خوتۇنىڭىزنىڭ ئېتى نېمە، سىزنىڭ ئېتىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— سىلەر ئۆي تۇتقىلى نەچچە يىل بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— بىز ئۆي تۇتقىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — لېكىن مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭ بىلەن كېچىسى گەپلىشىپ باقمىدىم، ئۇنىڭ ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېتىنىمۇ سوراپ باقماپتىمەن.

(تۈرك)

## سىزمۇ خوتۇنىڭىزدىن قورقىدىكەنسىز

بىر ھاكىم ئەپەندىمدىن:
— سىز مەندىن نېمە ئۆلتىپات سورايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەرھەمەت قىلىپ بىر بۇيرۇق چىقارسىڭىز، خوتۇنىدىن قورقىدىغان ھەربىر ئادەم ماڭا بىردىن ئېشەك تاپشۇرسۇن.
ھاكىم ماقۇل دەپ بۇيرۇق چىقىرىپتۇ. ئەپەندىم تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ بۇيرۇقنى تارقىتىپتۇ ۋە كىملەرنىڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارغا ھاكىمنىڭ چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنى جاكارلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىردىن ئېشەك يىغىپتۇ.
ئۇزاق ئۆتمەي ئەپەندىم ناھايىتى نۇرغۇن ئېشەكنى ھەيدەپ قايتىپ كەپتۇ. ھاكىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ - دە، «مېنىڭ تەۋەيىمدە نېمانچە كۆپ ئادەم خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.
ئەتىسى ئەپەندىم ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغان - تارتقانلىرىنى ئېيتىپ كېلىپ:
— تەقسىر! بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە قالتىس چىراي-

لىق بىر خوتۇننى ئۇچراتتىم، ئۇ چىرايى ئايدەك، لەۋلىرى جىنەستىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك، مېھرى ئىسسىق، قولى ئىشلىق، مۇلايىم، سىلىق خوتۇن ئىدەكەن. مەن باشقىلارغا چاندۇرماي خۇپىيانە ھالدا بۇ نازىنىننى سىزگە ئالغاچ كەلدىم، — دەپتۇ.

خۇشاللىقىدىن ھاكىمنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە توختىماي قولىنى چىقىرىپ ئەپەندىمگە:

— ئاستىراق، ئاستىراق گەپ قىلىڭ، ئەپەندىم! بىزنىڭ خانىم ياندىكى ئۆيدە، ئەگەر ئۇ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھا - ھا - ھا! ھاكىم تەقسىر، سىزمۇ خوتۇندىكىزدىن قورقىدىكەنسىز. گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدىڭىز. سىزنى تېخىمۇ قاتتىق جازالاشقا توغرا كېلىدۇ. چاققان بولۇڭ، ئىشەكتىن ئىككىنى تاپشۇرۇڭ، — دەپتۇ.

(ئىران)

# خوتۇن خەقنىڭ گېپى

قازى ھەر قېتىم ۋەز ئېيتقىنىدا: «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ھەرگىز خوتۇن خەقنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— قازى ئاخۇنۇم، خوتۇنۇمنىڭ گېپىگە كىرگىنىم ياخشىمۇ، كىرمىگىنىم ياخشىمۇ؟

— خوتۇنىڭىزنىڭ گېپىگە ھەرگىز كىرگۈچى بولماڭ، — دەپتۇ قازى. ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بورداۋاتقان ئىككى قويىمىز بار ئىدى، بۈگۈن خوتۇنۇم ئۇنىڭ بىرىنى قازىغا بېرەيلى دېۋىدى، خەيرىيەت، ھېلىمۇ ياخشى گېپىگە كىرمەپتىمەن، — دەپتۇ - دە، دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ. قازى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، سەۋر قىلىڭ، بەزىدە خوتۇننىڭ گېپىگە كىرىپ قويغانمۇ تۈزۈك! — دەپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قازىنىڭ گېپىگىمۇ بەزىدە كىرمىگەن تۈزۈك!

(ئۇيغۇر)

# گۆرى چوڭقۇر بولسۇن

شەھەرنىڭ بىر ئەمەلدارى ئۆلۈپتۇ. ئەپەندىم پاتىدھەگە بېرىپ:

— مەرھۇمنىڭ گۆرى چوڭقۇر بولسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ قانداق دۇئا؟ جايى جەننەت بولسۇن دەڭ، — دەپتۇ ھازىدارلارنىڭ بىرى.

— رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا تولىمۇ يۇقىرىغا يامىشىدىغان، ئۆلگەندىمۇ يۇقىرىغا يامىشىمەن دەپ گۆردىن چىقىۋېلىپ، جەننەتتىن قۇرۇق قالمىسۇن دەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# غازنىڭ قالغان - قاتقىنى

ئەپەندىم ئوردىدا ئولتۇرغىنىدا، بىر كىشى پادىشاھقا پىشۇرۇلغان غازنى سوۋغات قىپتۇ. پادىشاھ غازنى ئەپەندىمگە بېرىپ:

— قېنى، ئەپەندىم، غازنى ئادىللىق بىلەن بۆلۈپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم غازنىڭ بېشىنى كېسىپ پادىشاھقا ئۇزىتىپ:

— سىز مەملىكەتنىڭ بېشى، شۇڭا غازنىڭ بېشى سىزگە تېگىدۇ، — دەپتۇ - دە، ئاندىن غازنىڭ بوينىنى پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا بېرىپ:

— ئەر باش بولسا، خوتۇن بويۇن، غازنىڭ بوينى خانىشقا تەئەللۇق، — دەپتۇ.

غازنىڭ پۇتىنى پادىشاھنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ:

— مانا بۇ شاھزادىگە. شاھزادە پادىشاھنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، ئۇلى مۇستەھكەم بولسۇن.

ئاخىرىدا غازنىڭ ئىككى قانىتىنى كېسىپ، پادىشاھنىڭ ئىككى قىزىغا بېرىپتۇ ۋە:

— سىلەر يېقىندا ئۇچۇرما بولىسىلەر، بۇ قىزلار

ئوبدان يەرگە ياتلىق بولسۇن، قاناتلىرى قاتتىق بول-
سۇن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم غازنىڭ پۇتۇن گەۋدىسىنى ئۆزى
ئاپتۇ - دە:

— قۇللىرىغا غازنىڭ مۇشۇ قالغان - قاتقىنى
كۇپايە، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# چۈشنىڭ تەبىرى

پادىشاھ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئادەم پادىشاھنىڭ ھەممە چىشىنى سۇغۇرۇۋاپتۇدەك. ئەتىسى پادىشاھ چۈشىنى ۋەزىرىگە ئېيتىپ تەبىر بېرىشىنى سوراپتۇ.

— چۈشىڭىزگە قارىغاندا، بالا - چاقىلىرىڭىز ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزىڭىز ھايات قالىدىكەنسىز، — دەپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىرنىڭ گېپىگە غەزەپلەنگەن پادىشاھ ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئوردىغا ئەپەندىم كىرىپ قاپتۇ، پادىشاھ چۈشىنى ئەپەندىمگە ئېيتىپ، تەبىر بېرىشىنى سوراپتۇ.

— چۈشىڭىزنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بالا - چاقىلىرىڭىزغا قارىغاندا سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولىدىكەن.

ئەپەندىمنىڭ تەبىرىدىن پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ئەپەندىمنى مۇكاپاتلاپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# جاھاندا يوق كۈن

ئەپەندىم بوياقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆزىنى چاقچاقچى ھېسابلاپ يۈرگەن بىر كىشى ئەپەندىمگە بىر ماتا ئەكېلىپ بېرىپ:
— ئەپەندىم، مۇشۇ ماتانى جاھاندا يوق بىر رەڭ بىلەن بوياپ بېرىڭ، — دەپتۇ.
— «جاھاندا يوق رەڭ» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.
— قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، كۆكمۇ ئەمەس، سېرىقمۇ ئەمەس، يېشىلمۇ ئەمەس، زەڭگەرمۇ ئەمەس، ئەيتاۋۇر، جاھاندا يوق رەڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
— بوپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دېگىنىڭىز بويىچە بوياپ بېرەي.
— قاچان ئالىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.
— جاھاندا يوق بىر كۈنى، يەنى شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، دۈشەنبىمۇ، سەيشەنبىمۇ، چارشەنبىمۇ، پەيشەنبىمۇ، جۈمەمۇ ئەمەس بىر كۈنى ئېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەت

كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەقىللىق ئادەمسىز، قېنى ئېيتىپ بېرىڭە، قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

— خوتۇنۇم ئۆلگەندە كىچىك قىيامەت، ئۆزۈم ئۆلگەندە چوڭ قىيامەت بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئالدانغانلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ

باشقا شەھەردىكى بىر سودىگەر ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپتىيۇ، قايىل بولماپتۇ. «گادايدىن شۇنچە ئەقىللىق ئادەم چىققىنى نەدە بار، — دەپ ئويلاپتۇ ئۆزىچە ۋە، — قېنى، چېچەن بولسا مەندەك زېرەك ئادەمنى ئالداپ باقسۇنچۇ!» دەپتۇ.

بۇ سودىگەر ئەپەندىمنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ شەھىرىگە سەپەر قىپتۇ. شەھەرگە يېقىن قالغاندا ئۇ ئېتىزدا ئېشەك بىلەن سۆرەم سىلىۋاتقان ئەپەندىمنى ئۇچرىتىپتۇ.

— شەھىرىڭلاردا نەسىردىن ئەپەندى دېگەن كىشى بار دەيدىغۇ، مەن شۇ كىشىنى ئىزدەيتتىم، — دەپتۇ سودىگەر ئەپەندىمگە.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

سودىگەر مەقسىتىنى ئەپەندىمگە ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم:

— مەن ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى بولىمەن، ئەپەندىم راستىنلا چېچەن ئادەم، سىزنى ئالداپ كېتىدۇ، ئاۋارە بولماي قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

— ياق، ئالدىيالمايدۇ، — دەپ يەنە قايىل بولماپ-
تۇ سودىگەر.
— ئەپەندىم يوق يەردە كۆرەڭ سۆزلىمەڭ، ئۇ
كەلسە، سىزنى مۇشۇ يەردىلا ئالداپ كېتىدۇ، — دەپتۇ
ئەپەندىم.
— ياق، ئالدىيالمايدۇ دېدىممۇ ئالدىيالمايدۇ.
— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىز مۇشۇ يەردە
ئېشەك بىلەن سۆرەمگە قاراپ تۇرۇڭ، مەن قېچىرىڭىز-
نى مىنىپ، بىردەمدىلا ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىمەن.
ئالدىيالامدۇ، ئالدىيالمامدۇ ئاندىن كۆرىسىز.
سودىگەر ماقۇل بوپتۇ. ئەپەندىم قېچىرنى مىنىپ
شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ.
سودىگەر ئەپەندىمنى كەچكىچە ساقلاپتۇ. بىراق،
ھېچكىم كەلمەپتۇ. كەچ كىرگەندە، ئىلاجسىزلىقتىن
ئەپەندىمنىڭ ئېشىكىنى مىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ.
سودىگەر ئەتىسى بازاردا ئۆزىنىڭ قېچىرىنى مى-
نىپ يۈرگەن ئەپەندىمنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئاچچىقلاپ:
— قانداق ئادەمسىز! تۈنۈگۈن كەچكىچە ساقلى-
تىپ، ئەپەندىمنى باشلاپ بارمىدىڭىزغۇ! بۇ قانداق
ئالدامچىلىق! — دەپتۇ.
— ھەببەللى، مانا ئەمدى خالايىق ئالدىدا ئەپەندىم-
دىن ئالدانغانلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ! — دەپتۇ
ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## خوروْن

بىر خوروْندىن ئەپەندىم سوراپتۇ:

— بۇرادەر، هال - ئەهۋالىڭىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، — دەپتۇ خوروْن، — تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام قانائەت قىلىپ يۈرىمەن.

— ئەمىسە سىز شەھىرىمىزنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشاپ قاپسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# قايسى سازنىڭ ئاۋازى ياخشى؟

ئەپەندىم بىر سازەندە ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەن، ئاغىنىسى ئەپەندىمگە سازلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئاۋۋال دۇتارنى چېلىپ بېرىپتۇ، كېيىن تەمبۇرنى، ئاندىن راۋابنى… شۇنداق قىلىپ، پېشىن بولۇپ كەتكۈچە ئەپەندىمگە يەيدىغان ھېچ نەرسە بەرمەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھەممە سازنى ئاڭلاپ كۆردىڭىز، سىزچە قايسى سازنىڭ ئاۋازى ياخشىكەن؟

— مېنىڭچە بولغاندا، ھازىر ھەرقانداق سازنىڭ ئاۋازى چۆمۈچ بىلەن قازاننىڭ ئاۋازىغا يەتمەيدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئادالەت تېشى

ئەپەندىم بىر بايغا ئايلىق تۇرۇۋېتىكەن، ئاي ئاخىرىدا باي يوقىلاڭ باھانە تېپىپ ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئەرز قىلىپ قازىخانىغا بېرىپتۇ. بىراق، قازى سوۋغا ـ سالام ئەكەلگەنلەرنىڭلا دەۋاسىنى سوراپ، ئەپەندىمگە قاراپمۇ قويماپتۇ. ئەتىسى ئەپەندىم بىر ياغلىققا تۆت ـ بەش تاشنى چىگىپ قازىخانىغا بېرىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قولىدىكى ئېغىر تۇگۈننى كۆرگەن قازى دەرھال ئەپەندىمنىڭ دەۋاسىنى سوراپ، باينى چاقىرىپ كەپتۇ ـ دە، ئەپەندىمنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. دەۋا ئىشلىرى تۈگەپ ئەپەندىم يالغۇز قالغاندا، قازى ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ياغلىقتىكى نېمە ئىدى، قېنى يېشىڭ! — دەپتۇ.

— بۇ ياغلىقتىكى نەپسىڭىزنى تاقىلداتقان نەرسە ئادالەت تېشى ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر دەۋانى ئادالەت بىلەن سورىمىغان بولسىڭىز، ئادالەت تېشى بېشىڭىزغا تەگكەن بولاتتى.

(ئۇيغۇر)

## موللا ئېشەك

ئەمىر تېمۇر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئېشەكنى موللا قىلغىلى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ شەرت - شارائىت كېرەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق شەرت - شارائىت؟

— ئېشەكنى موللا قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئاي ۋاقىت، يەم - خەشەك ئۈچۈن ئىككى يۈز تىللا كېرەك.

ئەمىر تېمۇر ئەپەندىمگە خەزىنىدىن ئىككى يۈز تىللا ۋە ئىككى ئايلىق ۋاقىت بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئېشەكـنى مىنىپ يولىغا مېڭىپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى دېگەن كۈنى ئەپەندىم «شەرھىي موللا» دېگەن كىتابنى كۆتۈرۈپ، تېمۇرنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەپتۇ.

ئەمىر تېمۇر ئۆلىمالىرىنى يىغىپتۇ، ئىمتىھان باشلىنىپتۇ.

ئەپەندىم تەنتەنە بىلەن ئېشەكنى ئوتتۇرىغا ئاچىـقىپتۇ - دە، كىتابنى ئېشەكنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئېشەك كالپۇكى بىلەن كىتابنى ۋاراقلاپتۇ، كىتابنىڭ ۋارىقى توگىگەندىن كېيىن ھاڭراپتۇ.

بۇنى كۆرگەنلەر ئەپەندىمگە قايىل بوپتۇ. تېمۇر
خۇشال بولۇپ، ئەپەندىمگە يەنە ئىككى يۈز تىللا ھەدىيە
قىپتۇ. ئىمتىھاندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ يېقىن بىر
دوستى بۇنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— كىتابنىڭ ھەربىر ۋارىقى ئارىسىغا بىر ئوچۇم-
دىن ئارپا سېپىپ، دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆزۈم كىتابنى
ۋاراقلاپ تۇردۇم، كېيىنكى كۈنلەردە كىتابنى ئېشەك-
نىڭ ئۆزى كالپۇكى بىلەن ۋاراقلايدىغان بولدى. كې-
يىنچە كىتابنى ئارپىسىز قويدۇم، ئېشەك كىتابتىن
ئارپا تاپالمىسا ھاڭرايدىغان بولدى. تېمۇر قىلىچى ئۆت-
كۈر بولسىمۇ، بىر ئېشەككە ئالداندى، — دەپتۇ.

**(ئۆزبېك)**

# ئىمتىھان

پادىشاھ ئوغلىنى ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەپەندىمگە تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەرز قىپتۇ:

— بەلگىلىگەن ئايلىقىڭىز ئۈچۈن قۇللۇق، بىر يىلدىن بېرى ئەھۋالىمىز خېلى ياخشى. لېكىن، بىر كۈن كېلىپ غەزىپىڭىزگە ئۇچراپ كەتمىسەم بولاتتى دەپ قورقىمەن. شاھزادىمىز شۇنچىلىك پاراسەتسىز، پەمسىز ئىكەنكى، ئۇن يىل ئوقۇتساممۇ بۇ كىشىدىن يورۇقلۇق چىقمايدۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى باشقا تەربىيىچىگە بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى تەربىيىچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— شاھىنشاھىم، تەربىيە ئىشلىرىمىز ئاياغلىشىپ قالدى، كۆپچىلىكنىڭ قاتنىشىشىدا ئىمتىھان ئېلىپ كۆرسىلە بولىدۇ.

پادىشاھ خۇشال بولۇپ، تەربىيىچىگە باشتىن ـ ئاياغ كىيىم كىيدۈرۈپتۇ. ئوغلىنى تەنتەنە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، يۇرتنىڭ دانىشمەنلىرىنى

چاقىرىپتۇ. تەربىيىچى گىدىيىپ سۆز باشلاپتۇ:
— شاھزادىمىز مېنىڭ تەربىيەمگە تاپشۇرۇلغاندى، ئەقىل - پاراسەت بابىدا شۇنداق بالاغەت ۋە كامالەتكە يەتتىكى، بۇنى ھازىر كۆرىسىلەر... مەسىلەن، سىز قولىڭىزغا بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ سوراڭ، شاھزادە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مۇشتۇمىڭىزنىڭ تۇرۇلۇشىغا قاراپ ئېيتىپ بېرىدۇ.
ئەپەندىم دەرھال بارمىقىدىن ئۈزۈكىنى چىقىرىپ ئالىقىنىغا قويۇپ، مۇشتۇمىنى تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.
— قېنى شاھزادە، بۇ نېمە؟ ئۆزى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۆشۈك...
شاھزادە ئەپەندىمنىڭ مۇشتۇمىغا مەغرۇرانە قاراپ - قاراپ، بىردىنلا:
— تۈگمەن تېشى! — دەپتۇ.
ئەپەندىم ئۈزۈكنى بارمىقىغا سېلىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:
— شاھىنشاھىم، باشقا ئەقىل - پاراسەت ئەھلىلىرى ئەمدى شەھەرنى شاھزادىگە بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزلىرى دەشتكە چىقىپ كەتسىمۇ بولغۇدەك، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# شەيتان ۋە هاراقكەش

خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان بىر يارىماس مەست هالدا ئەپەندىمنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— سادىغاڭ كېتەي، ئەپەندىم، دادام بولىسىز! بىلمەن، سىز مېنى يامان كۆرىسىز، مېنىڭ يامان ئادەم بولۇشۇمغا ئۆزۈم ئەمەس، شەيتان سەۋەبچى. مې-نى بۇ يولغا ئاشۇ باشلىغان، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ كۆپ يامانلىقلارنى قىلدىم...

ئەپەندىم ئۇنىڭ قولىنى مۇرىسىدىن ئاستاغىنە ئېلىۋېتىپ:

— ھەتتەڭەي، نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— بالدۇرراق كەلسەم نېمە قىلاتتىڭىز؟

— ھازىر شەيتان كېلىپ، «مەن تىنچ يۈرگەن شەيتان ئىدىم، پالانچى مېنىڭ نامىمنى سېتىپ، ئىد-چىملىك ئىچىپ، ئابرۇيۇمنى تۆكۈپ يۈرىدۇ» دەپ سېنىڭدىن زارلىنىپ كەتتى. سەل ئاۋۋالراق كەلگە-نىڭدە ئىككىڭلارنى ئۆزلەشتۈرەتتىم...

(ئۇيغۇر)

# ئىماملار

ئەپەندىمدىن بىر ساددا نامازخان ھۆنەرۋەن سوراپتۇ:

— ئىماملار ئۆلسە، ھېچ سوراقسىز جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ئاڭلىغىنىم بار. ئەگەر شۇ گەپ راست بولسا، ئۆلگەن ئىماملار جەننەتتە ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈشىدىغاندۇ - ھە، ئەپەندىم!

ئەپەندىم جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىماملار جەننەتكە كىرگىنى بىلەن، ئۇ يەردە مەسچىتمۇ يوق، جامائەتمۇ يوق، خەتمىقۇرئانمۇ يوق تۇرسا، ئۆلگەن ئىماملار ئۆلگەنلىرىگە مىڭ پۇشايمان قىلىپ يۈرۈشىدىغاندۇ.

(قىرغىز)

# ئەپەندى — مەلىكۇششۇئارا

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى مۇنچىغا بېرىپتۇ. مۇنچىكەش: «مەلىكۇششۇئارانىڭ خوتۇنى كېلىدۇ» دەپ مۇنچىغا كىرگۈزمەپتۇ. خوتۇنى يېنىپ كېلىپ ئەپەندىمگە تاپا قىپتۇ:

— سىزمۇ شائىرمەن دەپ يۈرۈپسىز - دە! بولىدىغان بولسىڭىز مەلىكۇششۇئارا بولۇڭ، بولمىسا خېتىمنى بېرىڭ!

ئەپەندىم ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى بىر يانچۇقىغا، تۈترۈقسىز شېئىرلىرىنى بىر يانچۇقىغا سېلىپ ئوردىغا — مەلىكۇششۇئارانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— مەن ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ كەلدىم، سىز لايىق كۆرسىڭىز، كېيىن خانغا ئوقۇپ بەرسەم...

مەلىكۇششۇئارا ئۆزى بوشراق شائىرلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىغىنىنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئادەم ئىكەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلۇغ شائىرلار يېزىپ كەلگەن شېئىرلارنى بىر ئوقۇشتا يادلىۋېلىپ، قولىيازمىنى قولىغا ياندۇرۇپ بېرىپ، شائىر كەتكەندىن كېيىن خانغا ئوقۇپ بېرىپ ھەدىيە ئالاتتىكەن.

بۇ سىرنى ئوبدان بىلگەن ئەپەندىم سول يانچۇقىـ

دىن تۇتۇرۇقسىز شېئىرلارنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ، كېيىن مەلىكۇششۇئارادىن سوراپتۇ:

— بۇ شېئىر سىزگە يارىدىمۇ؟

مەلىكۇششۇئارا ماختاپ:

— شېئىر دېگەن شۇنچىلىك بولىدۇ، مانا بۇنى خانىغا ئوقۇپ بەرسىڭىز ئەرزىيدۇ، قېنى ئوردىغا! — دەپتۇ.

مەلىكۇششۇئارا ئەپەندىمنى قوبۇلخانىغا قويۇپ، ئۆزى خاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ:

— نەسىردىن ئەپەندىنى ئوغرى شائىر دېسەم، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمىگەنىدىڭىز. شېئىر يېزىپ كەلگەنمىش. قوبۇلخانىدا ئولتۇرۇپتۇ. رۇخسەت ئەتسىڭىز، كىرىپ ئوقۇپ بەرسۇن، كېيىن مېنىڭ دەۋايىمنىڭ ھەقلىقىگە ئىشىنىسىز.

ئەپەندىمنىڭ ئۆتكۈر شائىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن خان رۇخسەت قىپتۇ. ئەپەندىم كىرىپ بوسۇغا يېنىدىن جاي ئاپتۇ ۋە ئوڭ يانچۇقىدىكى ياخشى شېئىرلارنى ئېلىپ ئوقۇغىلى باشلاپتۇ، ھەربىر شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن مەلىكۇششۇئاراغا قاراپ، «بۇ شېئىرمۇ سىزنىڭكىمۇ؟» دەپ قويۇپتۇ.

تولىمۇ خۇشال بولغان خان ئەپەندىمگە پەرىجە كىيدۈرۈپ، ھەدىيىلەر بېرىپ بولغاندىن كېيىن سوراپتۇ:

— ھەربىر شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ مەلىكۇششۇئاراغا قاراپ، «بۇمۇ سىزنىڭكىمۇ؟» دېگىنىڭىز نېمىسى؟

ئەپەندىم قول قوشتۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىزگە ئوقۇپ بېرىپ، مەنزۇر قىلىپ، مەلىكۇششۇئارا بولۇپ يۈرگەن ياخشى شېئىرلار مەلىكۇششۇئارانىڭكى ئەمەس، ماڭا ئوخشاش پۇقرالارنىڭكى. ئەگەر مەن بۇ شېئىرلىرىمنى ئالدىن مەلىكۇششۇئاراغا ئوقۇپ بەرگەن بولسام، سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىشتىن مەھرۇم بولاتتىم.

خان چۈشىنىپتۇ، مەلىكۇششۇئارانى بوشىتىپ، ئورنىغا ئەپەندىمنى بەلگىلەپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن چىقىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۆيىگە بېرىپتۇ - دە، خوتۇنىغا:

— خوتۇن! خوتۇن! مۇنچىغا بېرىۋەر، ئەپەندى— مەلىكۇششۇئارا! — دەپتۇ.

(ئىران)

# خۇدا بەرسۇن

ئەپەندىم بالىخانىدا يانپاشلاپ يېتىپ كىتاب ئوقۇ-ۋاتاتتىكەن، يەلكىسىگە خۇرجۇن ئارتقان بىر ئادەم قىچ-قىرىپتۇ. ئەپەندىم پەسكە چۈشۈپتۇ، ھېلىقى ئادەم خەير - سەدىقە سوراپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنى بالىخانىغا باشلاپ ئاچىقىپ:

— خۇدا بەرسۇن، — دەپتۇ.

گادايىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سەدىقە بەرمەيدىغان نىيىتىڭىز بار ئادەم، شۇ گەپنى پەستە ئېيتسىڭىزلا بولماسمىدى! — دەپتۇ.

ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇنى ئەگرى تاياققا دوناي توقماق دېيىشىدۇ، — دەپتۇ.

(تۈرك)

# ۋەزىر ۋە ئېشەك

ئەپەندىم بازاردا «مېنىڭ ئېشىكىم ۋەزىردىن ئەقىللىق» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىر پادىشاھقا ئەرز قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كەپتۇ ـ دە:

— ئەپەندىم، بىھۇدە گەپ قىلىپ، ۋەزىرىمنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈپسىز، ئېشىكىڭىزنىڭ ۋەزىرىمدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىڭ، بولمىسا سىزنى زىندانغا تاشلايمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھقا:

— ئىسپاتىم بار، ئېشىكىم كېتىۋېتىپ پۇتىنى كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىگە تىقىۋالغانىدى، ئاران چىقىرىۋالدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئېشىكىم ئاشۇ كۆۋرۈكتىن بەك ئاۋايلاپ ئۆتىدىغان بولدى، ۋەزىرىڭىزچۇ؟ خەزىنىگە قول تىقىپ ئون قېتىم شەرمەندە بولغان بولسىمۇ، ئاۋايلاشنى بىلمەي، يەنىلا خەزىنىگە قول تىقىپتۇ. ئەگەر ۋەزىرىڭىزنىڭ ئېشىكىمچىلىك ئەقلى بولسا، ئاللىقاچان قولىنى تارتقان بولاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئەزەربەيجان)

# نەملىك ۋە نان

ئەپەندىم ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ، بىر پىخسىق تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. تونۇشى:

— ئەپەندىم، يولدىن ئۇسساپ كەلگەنسىز، بۇ بىر پىيالە سوغۇق سۇنى ئىچىپ، ئۇخلاپ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ، — دەپ بىر پىيالە سۇ ئەكىرىپ بېرىپتۇ.

— بۇرادەر، يولدا ھېرىپ كېتىپ، بىر كۆلنىڭ بويىدا ئۇخلاپ نەم تارتىپ قاپتىمەن. ياخشىسى بىر نان بەرسىڭىز، شۇ نەملىكنى سۈمۈرۈۋالاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# گەپ ئۆگىتىش

پادىشاھ بىر ئاتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، بۇ ئاتقا بەكمۇ ئىچى كۆيىدىكەن. بىراق، بۇ ئاتنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىكەن.

ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا زامانىسىنىڭ چېچەن كىشىسى نەسرىدىن ئەپەندىمنى چاقىرىپ، ئۇنى بۇ ئاتقا گەپ ئۆگىتىشكە سېلىشقا ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

ئەپەندىم بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن پادىشاھقا:

— ئاتقا گەپ ئۆگەتسەم ئۆگىتەي، بىراق، ئىككى شەرتىم بار، بىرىنچىسى، ئون يىل ۋاقىت بېرىسىز؛ ئىككىنچىسى، مېنىڭ قويغان بەزى شەرتلىرىمنى رەت قىلمايسىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. بىراق، ئۇنىڭغا ئون يىلدىن كېيىن ئاتنى سۆزلىتەلمىسە كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يىغلاپ كېتىپتۇ:

— ۋاي شورىڭىز قۇرۇسۇن، نېمىشقىمۇ ماقۇل دېگەنسىز؟ ئات قانداقمۇ گەپ قىلالىسۇن؟ مەن ئەمدى تىكەندەك يالغۇز تۇل بولۇپ ئولتۇرامدىم!؟

— نېمانچىۋالا ئۆپكەڭنى باسالمايدىغانسەن، — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئەمدى بىزگە ئون يىلغىچە يېمەك - ئىچمەكنىڭ غېمى قالمىدى. مۇشۇ ئارىلىقتا ياكى ئات، ياكى مەن، ياكى پادىشاھ، ئىشقىلىپ، ئۈچىمىزنىڭ بىرى ئۆلمەي قالىدىغان ئىش بولمايدۇ.

(تۈرك)



# تىللانىڭ ئاۋازى

ئەپەندىم ئىككى كۈن قازى بولغاندا، ئىككى ئادەم دەۋا قىلىپ كىرىپتۇ. دەۋاگەر:

— قازى تەقسىر، مەن چۈشۈمدە تىللا سانىغاندىم، بۇ ئادەم تىللايىمنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئېلىۋالدى، قايتۇرۇپ بەرگىن دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئويلىنىپ كېتىپ، دەۋا قىلىنغۇچىغا:

— سىز بېرىپ بىر خالتا تىللا ئەكېلىڭ، — دەپتۇ.

دەۋا قىلىنغۇچى بىر خالتا تىللانى ئەكەپتۇ. ئەپەندىم تىللانى ئىككىسىنىڭ ئالدىدا سانىغاچ جىرىڭلىتىپتۇ، ئارقىدىن دەۋاگەرگە قاراپ:

— مەن سانىغان تىللانىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاڭلىغان بولسىڭىز ئاۋازىنى ئەكېتىڭ، — دەپتۇ، ئاندىن دەۋا قىلىنغۇچىغا قاراپتۇ، — ماۋۇ خالتىدىكى تىللايىڭىزنى ئەكېتىڭ. سىلەرنىڭ دەۋا ئىشىڭلار مۇشۇنىڭ بىلەن پۈتتى.

دەۋاگەر لام - جىم دېمەي، ئاستا كېتىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# مېنىڭ ئورنۇمغا قازى بولۇڭ

مەھەللىدىكى ئىمام ئەپەندىمگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ ئىكەن، ئەپەندىمدىن ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە چوماقچىنى سېتىۋېلىپ، ئەپەندىمنى راسا بىر ئۇرغۇزماقچى بوپتۇ.

چوماقچىلار ئەپەندىمنى مەھەللىدە ئۇرۇشنى بىئەپ كۆرۈپ، مەھەللىدىن چىققاندا قول سالماقچى بولۇشۇپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ قەستىنى تۇيۇپ قېلىپ، ناھايىتى تەسلىكتە مەھەللىدىن قېچىپ چىقىپتۇ.

ئەپەندىم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يەنە مەھەللىگە قېچىپ كىرىپتۇ ۋە دەل ئىمامغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئىمام ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نېمە بولدى سىزگە؟

— ھەي، گەپ قىلمايلا قويۇڭ، مەھەللىدىكى بىرمۇنچىلار مېنى ئۇرىۋېلىپ، مەھەللىمىزگە قازى بولۇپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىمىسام زادى ئۇنىمايدۇ، قارىمامسىز، مانا قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

— بەللى، ئەپەندىم، سىزدەكمۇ ئەخمەق ئادەم بولامدۇ؟ قازىلىق ئورۇن بىر پارچە سېمىز گۆش - دە، نېمىشقا ئۇنىمايسىز؟ ئەگەر سىزنىڭ ئور-

نىڭىزدا مەن بولىدىغان بولسام، دوپپامنى ئاسمانغا ئاتاتتىم.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئورنۇمغا قازى بولۇڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مەن قانداق قىلىپ سىزنىڭ ئورنىڭىزغا قازى بولالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان، مېنىڭ پەرجەمنى كىيەسىز، سەللەمنى ئورايسىز، ئاندىن ئاۋۇ تەرەپتىكى دوقمۇشتا تۇرسىز، ھېلىقى ئادەملەر كېلىپ سىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز مەھەللىمىزنىڭ قازىسى بولۇپ قالىسىز.

ئىمام خۇشال بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ، ھېلىقى چوماقچىلار پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ئىمامنى ئەپەندىم ئوخشايدۇ دەپ بىلىپ، تازا دۇمبالاپتۇ.

(ئۆزبېك)

## كىمنىڭ ئىچى قىزىۋاتىدىكىن

ئەپەندىمنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن بىر ئاغىنى-
سى يۈزى چىدىماي ئەپەندىمنى تاماققا چاقىرىپ قويغۇ-
سى كەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ پىخسىقلىقتا ئۇچىغا چىققان بۇ
ئاغىنىسىنىڭكىگە بارغۇسى كەلمەپتۇ. ئەمما بىر ئاز ئوي-
لاپ، ئۇنىڭمۇ ياخشى كۆڭلىدۇر دېگەن يەرگە كېلىپ،
بارسامۇ باراي دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم دېگەن
ۋاقىتتا بېرىپتۇ.

بۇ پىخسىق ئاغىنىسى داستىخانغا ئانچە - مۇنچە
پىشلاق، ھەسەل ۋە نان قويۇپتۇ. ئەپەندىم ئاۋۋال نان
بىلەن پىشلاققا ئېغىز تېگىپتۇ، كېيىن قوشۇق بىلەن
ھەسەلنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق ئاغىنىسى ئەپەندىم-
نى ھەسەلنى يەپ تۈگىتىۋەتمىسۇن دەپ:

— ئەپەندىم، بۇ يېڭى ھەسەل، ئىچىڭىزنى قىزد-
تىۋېتىدۇ! — دەپتۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ ئاغىنە؟ كىمنىڭ ئىچى قىزىۋاتـ-
قانلىقىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزىڭىز! — دەپتۇ
ئەپەندىم.

(تۈرك)

## قىيامەت

شەھەرنىڭ داڭلىق بىر بېيى ئەپەندىمنى ئۆيىگە چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنى ناھايىتى موللا، بىلىملىك ئادەم دەيدۇ، ئېيتىپ بېقىڭە، قاچان قىيامەت بولىدۇ؟

— سىز ئۆلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە باي.

— نەدىن بىلەتتىم. مىراسخورلىرىڭىزنىڭ پەيلىدىن بىلدىم. سىز ئۆلۈپلا، ئەتىسى مىراسخورلىرىڭىز مال - دۇنيا تالىشىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى

ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭ-
دىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۆمرۈمدە نۇرغۇن ئىشلار بېشىمدىن ئۆتتى، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساق-
لاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. بىر مەسلىھەت بېرىڭە؟

— بۇ ئۆمرىڭىزدە باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى دەرھال يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# پادىشاھنىڭ باھاسى

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قېنى بىر ئادىل باھا قويۇپ كۆرۈڭە، مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمنىڭ باھاسى قانچىلىك بولار؟

ئەپەندىم ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— تەقسىر، قەدىر - قىممىتىڭىزنىڭ باھاسى ئەللىك تىللادىن ئاشمايدۇ!

پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سىز باھا قويۇشنى بىلەمسىز - بىلمەمسىز؟ — دەپتۇ غەزەپ بىلەن، — بېلىمدىكى ئالتۇن كەمەرنىڭ ئۆزىلا ئەللىك تىللاغا يارايدۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئالتۇن كەمىرىڭىز بولغانلىقتىن شۇ باھانى قويدۇم، بولمىسا ئۇستەك بېرىسىز دېمەكچىدىم.

(ئۇيغۇر)

******************************

# قىرىق مېكىيانغا بىر خوراز

پادىشاھ ئەپەندىمنى لەت قىلماقچى بولۇپ كۆل بويىغا چاقىرىپتۇ ۋە ئەپەندىمدىن يوشۇرۇن ھالدا قىرىق مەھرىمىگە بىردىن تۇخۇم بېرىپ:

— ھەممىڭلار ھازىر كۆلگە چۆشۈسىلەر ـ دە، بىردىن تۇخۇم ئاچىقىسىلەر! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

قىرىق مەھرەم كۆلگە چۆشۈپ، بىردىن تۇخۇمنى قولىدا تۇتۇپ چىقىپتۇ، قىرىق بىرىنچى بولۇپ ئەپەندىم كۆلگە چۆشۈپتۇ ۋە كۆلدىن چىققىنىچە ئۇدۇل پادىشاھ-نىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئىككى قولىنى يانپېشىغا ئۇرۇپ، خورازچىلاپ قىچقىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، توخۇ بېقىشنى بىلمەيدىكەن-سىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھېچبولمىغاندا، قىرىق مېكىيانغا بىر خوراز بولمىسا بولامدۇ!

(ئۇيغۇر)

# رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ئېيتاتتىم

بىر قارا نىيەت ئادەم ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— تاغام قاتتىق ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ، تېزرەك ئۆلۈپ كېتىدىغاننىڭ ئامالىنى قىلسىڭىز، سىزگە رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ئېيتاتتىم، ھەم مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى سىزگە بۆلۈپ بېرەتتىم، قانداق دەيسىز؟

ئەپەندىم ئويلاپ كېتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ئاغرىقنى ئەكېلىڭ.

قارا نىيەت ئادەم خۇشاللىقىدا قايتىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىنلا تاغىسىنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭ قەستىنى ئاغرىق كىشىگە ئاستاغىنە دەپ بېرىپتۇ ۋە ھەدەپ ئۇنى داۋالاشقا باشلاپتۇ.

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئاغرىق كىشى بىر پارچە ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھېلىقى قارا نىيەت ئادەم خەت تونۇمىغانلىقتىن ۋەسىيەتنامىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئەپەندىم ۋەسىيەتنامىنى ئېلىپ ئوقۇپ بېرىپتۇ. ۋەسىيەتنامىدە مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ:

«مال - مۈلكۈمنىڭ يېرىمىنى مەسچىتكە ۋەخپە قىلدىم، يېرىمىنى ئەپەندىمگە قالدۇردۇم، باشقا ھېچ-قانداق كىشىنىڭ ھەققى يوق.»

قارا نىيەت ئادەم ئاڭلاپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، داڭقېتىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ھەممىمىز غەرق بولىمىز

بىرى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، كىشىلەر نېمىشقا بىر تەرەپكىلا ماڭ-ماستىن، ھەر تەرەپكە ماڭىدۇ؟
— دۇنيا دېگەن ئوڭ - سولغا ئىرغاڭلاپ تۇرىدى-غان بىر كېمە، ئەگەر كىشىلەر ھەر تەرەپكە ماڭماي، بىر تەرەپكىلا ماڭسا، كېمە تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، دېڭىزغا كۆمتۈرۈلۈپ كەتسە، ھەممىمىز سۇغا غەرق بولۇپ كېتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا

نەپسانىيەتچى بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دانا ئادەمسىز، ئېيتىپ بېرىڭە، كىشى قانداق ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئازىدۇ؟

— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قىيامەت قەرزى

بىر سودىگەر يالغاندىن ھەق دەۋاسى قىلىپ ئەپەندىمنى قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە «مېنىڭ كېپىمنى راست قىلىڭ» دېگەن تەرزدە قازىغا پۇل شۇڭغۇتۇپتۇ. قازى سودىگەرگە يان بېسىپ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى تۆلەمسىز ياكى قىيامەت قەرزى قىلامسىز؟ — دەپتۇ.

— تەقسىر، قىيامەتتىمۇ قازىلارغا تاپاۋەت، سودىگەرگە تۆھمەت كېرەك بولار، — دەپتۇ ئەپەندىم قازىغا، — بوپتۇ، بۇ كىشىنىڭ ھەققى قىيامەت قەرزى بولۇپ قېلىۋەرسۇن.


(ئۇيغۇر)

# نامىزىڭلار راۋا ئەمەس

ئەپەندىم تەكلىپ بويىچە يىراق بىر مەسچىتكە بىر ئاي ئىماملىق قىپتۇ، ئاخىرىدا ھېچنېمە بەرمەستىن قۇرۇق قول قايتۇرۇلۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۈزىتىپ چىققان جامائەتكە:

— سىلەرنىڭ قۇرۇق قول قايتۇرىدىغىنىڭلارنى بىلگەنىدىم، شۇڭا بىر ئاي تەرەتسىز ئىماملىق قىلدىم، ئوقۇغان نامىزىڭلار راۋا ئەمەس! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ئالتۇن تېرىش

ئەپەندىم بىر كۈنى يېزا سىرتىدىن بوز يەر ئېچىۋاتسا، ئۇۋدىن قايتقان پادىشاھ كېلىپ قاپتۇ.
— ئەپەندىم، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— ئالتۇن تېرىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— ئالتۇننىمۇ تېرىمدۇ؟
— ئەلۋەتتە تېرىيدۇ، تەقسىر، بولمىسا خەزىنىڭىزدىكى ئالتۇن قانداق كۆپىيىدۇ!
پادىشاھ ئىككىلىنىپ قاپتۇ ۋە ئەپەندىمنىڭ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن، ئىككى تىللا چىقىرىپ ئەپەندىمگە بېرىپتۇ:
— بۇنى قوشۇپ تېرىپ قويۇڭ، ھوسۇلنى تەڭ ئالىمىز!
— خوپ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مانا بۇگۈن ئۇلۇغ پەيشەنبىدە ئالتۇننى تېرىيمەن، بىر ھەپتە پەرۋىش قىلىپ، كېلىدىغان جۈمە كۈنى ھوسۇلنى ھۇزۇرىڭىزغا يەتكۈزىمەن.
پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ گەپلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئوردىغا كېتىپتۇ.
دېگەندەك، جۈمە كۈنى ئەپەندىم ئوردىغا كەپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— تەقسىر، تەرگەن ئالتۇنىمىز تازا ئوخشىدى. ئىككى تىللادىن يىگىرمە تىللا ئۈنۈپتىكەن، سىزگە ئون تىللا ئەكەلدىم، — دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئون تىللا قويۇپتۇ.

ئون تىللانى كۆرگەن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ قېتىم تېرىش ئۈچۈن ئەللىك تىللا ئۇرۇقلۇق بېرىپتۇ.

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەپەندىم قۇرۇق قول كەپتۇ.

— ئەپەندىم، ئالتۇن قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— تەقسىر، بۇ قېتىم تەلەي سولدىن كەلدى، يامغۇر ياغماستىن، ئالتۇنلار قۇرۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— يالغان گەپ، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپلىنىپ، — ئالتۇنمۇ قۇرۇپ كېتەمدۇ؟

— تەقسىر، ئەقلىڭىز جايىدىمۇ، ئالتۇننىڭ ئۈنۈشىگە ئىشىنىسىزۇ، قۇرۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# ھەقىقەت دېگەن نېمە؟

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھەقىقەت دېگەن نېمە؟

— ھەقىقەت دېگەن پادىشاھ ئەزەلدىن دەپ باقمىغان، بەلكى مەڭگۇ دېمەيدىغان، ئۇنى كۆرگەندە قورقۇسى كېلىدىغان نەرسە،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)



# ساراڭنى گەپكە كۆندۇرۇش

بىر ساراڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ھەممە ئادەمنى بىرلا تەرەپكە ماڭىسىلەر دەپ توسۇۋالى-دىكەن، ھېچكىم بۇ ساراڭنى گەپكە كۆندۇرەلمەپتۇ، ئاخىر ئەپەندىمنى تېپىشىپتۇ.

ئەپەندىم يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى ساراڭنىڭ قۇلى-قىغا يېقىن ئەكېلىپ:

— بىزنىڭ بۇ كوچا چوڭ بىر كېمىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ھەممە كىشى بىرلا تەرەپكە ماڭسا، كېمە بىر تەرەپكە يەڭدەپ كېتىدۇ - دە، ھەممىمىز كۆمتۇرۇلۇپ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىمىز، — دەپتۇ.

ساراڭ ئاڭلاپ، بۇ گەپ ئورۇنلۇق ئىكەن دەپ كېتىپ قاپتۇ.

(ئۆزبېك)

# خۇدامۇ ماڭا يىلىنىدىكەن ـ ھە!

ئەپەندىم قازى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ، چاپانچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر بارا ـ بارا كۆپەيگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى پۇتتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن، ئەپەندىمنى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۇرۇۋېتىدىكەن.

بىر كۇنى بىرى ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇپ:

— ئەپەندىم، كېچە مەن بىر چۇش كۆرۇپتىمەن، چۇشۇمدە ئاللاتائالا سىزنى گۇل پەرىزاتلارغا ماختاپ بېرىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم پېشانىسىگە ئۇرۇپ، — قارىغاندا، خۇدامۇ ماڭا يىلىنىدىكەن ـ ھە!

(قازاق)

# ئادەم بولۇشنىڭ يولى

ئەپەندىم باشقا بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىرى ئەپەندىمنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا:

— ئەپەندىم، ئادەم بولۇشنىڭ يولى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم ئويلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سۆزلىگۈچى ئادەم پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۆزلىشى كېرەك، ئاڭلىماسلىقى كېرەك، ئاڭلىغۇچى ئادەم پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىشى كېرەك، سۆزلىمەسلىكى كېرەك.

(تۈرك)

*****************************

## ۋىجدانىڭىزنى جىڭلاپ بېقىڭ

شەھەردە گۆش ساتسا ھەمىشە كەم تارتىپ بېرىدىغان بىر مەككار قاسساپ بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم گۆش ئالغىلى بارسا، يەنە كەم بېرىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي! سىز يەنە كەم بېرىپسىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ بۇ تارازام ھېچ يەردە يوق توغرا تارازا، — دەپتۇ مەككار قاسساپ ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ئۇنداق بولسا، سىز مۇشۇ ھېچ يەردە يوق توغرا تارازىڭىز بىلەن ۋىجدانىڭىزنى جىڭلاپ بېقىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن، دائىم ئەپەندىمدىن پارچە پۇل ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يەنە كېلىپ پۇل سوراپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭدىن:

— ئاغىنە، سەن مېنى ۋاقتى كەلگەندە ئېغىز ئېچىشقا يۈز كېلەلمەيدۇ دەپ مۇشۇنداق پارچە پۇل سورىغىنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق! — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— خوش، ئەمىسە سېنىڭ يا قولۇڭ، يا پۇتۇڭ كەم ئەمەس، شۇڭلاشقا يۈز كېلەلمەي پۈتۈن پۇل سورىمىغىنىڭمۇ؟

— شۇنداق! — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئۇنداق بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىككىمىز بۇنداق يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايلى! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# نان دېگەن قانداق نەرسە؟

بىرنەچچە پەيلاسوپ، مەنتىقشۇناس ۋە قانۇنشۇ-
ناس ئوردىدا مەلۇم بىر مەسىلە ئۇستىدە تالاش - تار-
تىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇلار ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇشۇپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە قا-
يىل بولماپتۇ.

تۆگىمەس تالاش - تارتىش ئەپەندىمنىڭ بېشىنى
قايدۇرۇۋېتىپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىلەر ھەممىڭلار ئوخشاش قاپاق باش ئىكەنسى-
لەر! — دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ بۇ گېپى ئالىملارنىڭ جېنىغا تېگىپ-
تۇ، ئالىملار پادىشاھتىن ئەپەندىمنى جازالاشنى تەلەپ
قىپتۇ. پادىشاھ دەررىچىلەرنى چاقىرىپ، ئەپەندىمنى
ئەللىك دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

— توختاڭ، دانا پادىشاھىم، — دەپتۇ ئەپەندىم
ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن
بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قوياي، ئالىملىرىمىز جاۋاب
بەرسۇن. ئەگەر ئۇلار توغرا جاۋاب بېرەلىسە، مەن بۇ
جازاغا چىن كۆڭلۈمدىن رازىمەن.

— بولىدۇ، قېنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ! — دەپتۇ

پادىشاھ.

— ئاۋۋال ماڭا قەغەز ـ قەلەم ئەكەلسۇن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈلۈپتۇ، ئەپەندىم قەغەز ـ قەلەملەرنى ئالىملارغا ئايرىم ـ ئايرىم تارقىتىپ بېرىپتۇ، ئارقىدىن:

— نان دېگەن قانداق نەرسە؟ ئاۋۋال قەغەزگە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى يېزىپ چىقىڭلار، — دەپتۇ.

ئالىملار جاۋابىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ، پادىشاھ جاۋابلارنى ئېلان قىلىپ ئوقۇپتۇ:

بىرىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن بىر خىل يېمەكلىك» دەپتۇ.

ئىككىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن ئۇن بىلەن سۇنىڭ بىرىكمىسى» دەپتۇ.

ئۈچىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى» دەپتۇ.

تۆتىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن ئوتقا قاقلانغان خام ئۇن» دەپتۇ.

بەشىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن ئوزۇقلۇق ماددا» دەپتۇ.

ئالتىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان نەرسە، ھەركىم ئۆزىنىڭ چۈشىنىشى بويىچە، يۇملاق، يېسى، چوڭ، كىچىك قىلىپ پىشۇرسا بولىدۇ...» دەپتۇ.

يەتتىنچى جاۋابتا: «نان دېگەن زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيدىغان نەرسە» دەپتۇ.

پادىشاھ جاۋابلارنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنىڭچە ئۇلار توغرا جاۋاب بېرەلەپتىمۇ؟

— ئانچە توغرا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ئەسلىدە ئاددىيلا بىر مەسىلە، ئۇلار جاۋاب بېرىمىز دەپ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىپتۇ، يەنە دەل جايىنى تاپالماپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا، بۇ سوئالغا ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىڭ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ناھايىتى ئاددىي، نان دېگەن يەيدىغان نەرسە!

پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، ئەپەندىمگە بېرىلىدىغان جازانى بىكار قىپتۇ.

**(ئافغان)**

# قارا كۆسەي

بىر كۈنى قازى ئەپەندىمنى ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىپ:

— ئەقىللىق ئەپەندىم، مەن سىزگە چىن كۆڭلۈم-دىن بىر ياردەم قىلاي دەيمەن، سىز ئۈچ - تۆت كۈندە بىر قېتىم كېلىپ يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسى-ڭىز، كەم دېگەندە چاي پۇلىنى تېپىۋالىسىز، ئەگەر ئاللانىڭ ئالدىدا قەسەم بېرىشكە توغرا كەلسە، ئاش پۇلىنى تېپىۋالىسىز... — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاڭلاپ، قوشۇلمىغان ھالدا:

— ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

— بىلىۋالسا نېمە قىلالايتتى؟ كېرەك يوق! — دەپتۇ قازى.

— ھەممىنىڭ بېشىدا ئۆلۈم بار، — دەپتۇ ئەپەن-دىم، — ئەگەر مەن بىر كۈنى ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام، باشقىلار: «ئەپەندىم زادى قانداق ئادەم ئىدى؟» دەپ سوراپ قالسا، ئەتراپىمدىكىلەر چوقۇم «ئەپەندىم قارا كۆڭۈل قازىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قارا كۆسەي ئى-دى» دەيدۇ، مەن قارا كۆسەي بولمايمەن، باشقا ئەقىل-لىقراق كىشىنى تېپىۋېلىڭ!

(ئۆزبېك)

# ئاق ئات بىلەن قارا ئات

پادىشاھ بىر ۋەزىرىنى ئەپەندىمگە قوشۇپ، سىرتقا خىزمەتكە ئەۋەتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ مىنگىنى قېرىپ كەتكەن بىر قارا ئات ئىكەن، ۋەزىرنىڭ مىنگىنى بولسا يورغىلاپ ماڭىدىغان بىر ئاق ئات ئىكەن.

كەچ كىرگەندە ئۇلار يا يېزا كۆرۈنمەيدىغان، يا بىرەر قونالغۇ كۆرۈنمەيدىغان بىر دالىغا يېتىپ كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دالىدا قونۇشنى قارار قىپتۇ. ۋەزىر ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بۇ يەردىن يىرتقۇچ ھايۋان ئۆكسۈمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراقچىمۇ بار، بۈگۈن كېچە سىز بۇ ئىككى ئاتقا قاراڭ، — دەپتۇ.

— ياق، مەن قارىمايمەن، سىز ئۆزىڭىز قاراڭ، مېنىڭ ئېتىم قارا ئات، كېچىدە يىرتقۇچلار ياكى قاراقچىلار ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ۋەزىر ئەپەندىمنىڭ گېپىی ئورۇنلۇق دەپ، ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز ئاتلىرىمىزنى تېگىشەيلى، مېنىڭ ئاق ئېتىم سىزنىڭ بولسۇن، سىزنىڭ قارا ئېتىڭىز مېنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم خۇشال بولۇپ، ئېتىنى تېگىشىپتۇ، ئار-قىدىن ۋەزىرگە:

— بەك ياخشى بولدى، بۇگۈن كېچە بۇ ئىككى ئاتقا سىز قاراڭ! — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەمدى قارا ئات سىزنىڭ بولدى، بۇ قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئېتىڭىزنى بۆرە يەپ كەتتىمۇ ياكى قاراقچى ئېلىپ قاچتىمۇ، بىلەلمەيسىز. ئاق ئات مېنىڭ بول-دى، ئۇنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالى-مەن، — دەپتۇ - دە، ئەپەندىم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ۋەزىر تاڭ ئاتقۇچە ئاتقا قاراپ چىقىپتۇ.

(قازاق)



# ئوت بىلەن سۇ

ئەپەندىم بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. سارايۋەن ئالدىغا قىزغىن چىقىپ:
— سىزگە نېمە كېرەك بولسا تارتىنماي دەڭ، — دەپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا ئەپەندىم بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ. «سۇ بارمۇ» دەپ بىرنەچچە قېتىم توۋلاپتۇ، ئەمما ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ كېكىردىكى قۇرۇپ، خۇددى ئوت يېنىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كېلىپ:
— ئوت! ئوت! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

سارايۋەن ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، دەرھال بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا ئۇنۇپتۇ ۋە:
— نەگە ئوت كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مانا ماۋۇ يەرگە! — دەپ ئاغزىنى كۆرسىتىپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# دوزاخ نەدە؟

بىر كۆنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇن سەككىز قەۋەت دوزاخنىڭ ئورنى نەدە؟

— تەقسىر، مېنىڭچە، ئۇن سەككىز قەۋەت دوزاخنىڭ ئورنى، بەلكىم سىزگە قاراشلىق ئۇن سەككىز زىندانىنىڭ تەكتىدە بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(تۆرك)**

# گۆر كولاش

بىر كۈنى موللام ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز كەلگۈسىدە پادىشاھقا قانداق خىزمەت كۆرسىتىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— مەن ھېچبولمىغاندا پادىشاھنىڭ گۆرىنى كولاپ بېرەرمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)



# ئالغاي كۆز

ئەپەندىمنىڭ كۆزى سەل ئالغاي ئىكەن.

پادىشاھ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ئەپەندىم، ئالغاي ئادەمنىڭ كۆزىگە بىر نەرسە قوش كۆرۈنەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— خوش، پادىشاھىئالەم، شۇ تاپتا سىز مېنىڭ كۆزۈمگە تۆت پۇتلۇق بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# باش جىنايەتچى

بىر يىلى مېۋە - چېۋە تازا ئوخشاپتۇ، پاشا - چىۋىن كۆپىيىپ ئاپەتكە ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئەپەندىمنى مەخسۇس شىرەنىڭ يېنىدا تۇ- رۇپ چىۋىن قورۇشقا قويۇپتۇ.

پادىشاھ بىلەن مېھمانلار تۈرلۈك غىزالارنى بىما- لال ئولتۇرۇپ يېگىلى تۇرۇپتۇ، ئەپەندىم بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، قولىدىكى چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن داس- تىخاندىكى چىۋىنلارنى قورۇپتۇ، چىۋىنلار بىرنى قو- رۇسا بىرى قونۇپ، ئەپەندىمنى ھاردۇرۇۋېتىپتۇ، ئە- پەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ دۇتار چالغىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما ھېچكىم ئەپەندىمنى بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ياكى ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىش دېمەپتۇ.

مېھمانلار راسا خۇش چاقچاق پاراڭلارنى سېلى- شىپ، ئولتۇرۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا، ئەپەندىم ئاچچىقىغا پايلىماي، ئۈستىگە ھەرخىل غىزالار تىزىل- غان شىرەدىن بىرنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۈستىنى داستىخان بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ غەزەپ ئاچچىقى بىلەن:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، بۇ ئۆلمىگۈر چىۋىنلارنى بىرد-
نى قوغلىسام بىرى كېلىۋالىدۇ، قاچان قوغلاپ تۈگەت-
كىلى بولىدۇ، بۇنداق كاتتا زىياپەتنى ئۇلار قولدىن
بېرەمدۇ؟ بىرى ئوننى، ئونى يۈزنى باشلاپ كېلىدۇ.
ئەگەر چىۋىنلار ئۇچۇپ كېلىدىغان بولسا ھەممىمىزنى
يەپ كېتىشى مۇمكىن، باش جىنايەتچى مانا مۇشۇ زىيا-
پەت شىرەسى، ئۇنى يوقاتمايدىغان بولساق…، — دەپتۇ
ئەپەندىم.

(تۈرك)



# ئېكىنچى ياكى ئېشەك

ئەپەندىم ئېشەك سېتىۋالغىلى ئېشەك بازىرىغا بېرىپتۇ. ئېشەك بازىرىدا ئادەم مىغ - مىغ بولۇپ، كۆپىنچىسى يېزىلاردىن ئېشەك ساتقىلى كەلگەن ئېكىنچىلەر ئىكەن. كاتتا كىيىنگەن بىر ئادەم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېكىنچى ياكى ئېشەك ئىكەن! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاڭلاپ ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— تەقسىر، سىز جەزمەن ئېكىنچى قېرىنداشلاردىن ئىكەنسىز! — دەپتۇ.

— ياق، مەن ئېكىنچى ئەمەس! — دەپتۇ ئۇ ئاچچىقى كېلىپ.

— ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز دېگەندەك، ئېشەك ئىكەنسىز - دە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# دۇئا بىلەن دورا

بىر پىخسىق ئادەمنىڭ بەدىنىگە قىچىشقاق چىقىپ قاپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا دورا ئېلىپ چاپقىن دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئەمما ئۇ ئەپەندىمنى تېپىپ:

— ئەپەندىم، بەدىنىمگە قىچىشقاق چىقىپ قالدى، باشقىلار دورا ئېلىپ چاپساڭ ساقىيىپ قالىدۇ دەيدۇ. بىراق، مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدىم، سىزگە ئىشىنىمەن، مەن ئۈچۈن خۇدادىن تىلەپ دۇئا قىلىپ بەرسىڭىز ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

— دۇئا قىلىپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بىراق، دورىنى ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، دۇئا بىلەن دورا قوشۇلسا، ئاندىن ساقىيىدۇ.

(ئىران)

# غەيۋەت قىلماڭلار

ئۇچىغا چىققان قۇۋ، مەككار، قىلمىغان ئەسكىلى-
كى قالمىغان بىر باي بار ئىكەن. كىشىلەر ھەمىشە
غەيۋىتىنى قىلىپ تىللايدىكەن.
بىر كۈنى باي ئەپەندىمنى ئۆيىگە چاقىرىپ، پولۇ،
قورداق بىلەن مېھمان قىپتۇ، ئارقىدىن ئەپەندىمگە:
— ئەپەندىم، سىز بولسىڭىز مەھەللىمىزدە ئابرۇ-
يىڭىز بار كىشى، ھەممە كىشى سىزنىڭ گېپىڭىزنى
ئاڭلايدۇ، سىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەھەللىدىكىلەرگە
نەسىھەت قىلسىڭىز، ئۇلار مېنىڭ كەينىمدىن غەيۋى-
تىمنى قىلمىسا، مېنى يامان گەپلەر بىلەن تىللىمىسا!
— بولىدۇ، بولىدۇ! — دەپ بولۇپ، ئەپەندىم
باينى باشلاپ جامائەتنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ شۇن-
داق دەپتۇ، — قەدىرلىك جامائەت، بۇ ئۇچىغا چىققان
قۇۋ، مەككار، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان باي.
بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىشىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت -
شىكايەت قىلماڭلار ھەم ئۇنى تىللىماڭلار.

**(ئۇيغۇر)**

# پۇخادىن چىقىش

بىر كۈنى قازىنىڭ ئوغلى ئەپەندىمنى كەمسىتىپ:

— ئەپەندىم، ئاخشام دادامنىڭ چۈشىدە ئايان بوپتۇ، قىيامەتتە دادام تۆگىگە مىنىپ قوپىدىكەن، سىز دادامنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەيدىكەنسىز، — دەپتۇ.

— ئەجەبمۇ ياخشى ئىش بولىدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — داداڭنىڭ تۆگىسىنى يېتىلىگىنىمچە دوزاخقا ئەكىرىپ قويۇپ پۇخادىن چىقىدىغان بوپتىمەن - دە!

(ئۇيغۇر)

# شەيتاننىڭ ئۆزى

بىر كۈنى مەككار دەللال ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنى شەيتان بىلەن بىرىش - كېلىشى بار دەپ ئاڭلىدىم، شەيتان قانداق بولىدىكەن؟

— شەيتاننى مەندىن سورىغۇچە، ئاخشاملىقا ئۆيىڭىزگە بىرىپ ئەينەككە قارىسىڭىز، شەيتاننىڭ ئۆزىنى كۆرىسىز، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# راست گەپ

پادىشاھ پۇقرالارنىڭ دەرد - ئەلىمىنى بىلمەك ئىستىكى بىلەن شەھەر ئارىلاپ ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئاۋۋال مېنى يەر - زېمىنىڭىزغا باشلاپ بېرىڭ، بىر كۆرەي.

ئەپەندىم:

— يەر - زېمىنىم غوجامنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن، — دەپتۇ.

— ئەمىسە ئاشلىقىڭىزنى كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئاشلىقىمنى پادىشاھئالەمنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۆيىڭىزنىڭ تورۇسى قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مىڭبېگى سېلىق ئۇچۇن بۇزۇپ ئەكەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە، ئۆي - بىساتىڭىز قېنى؟

— قازى بېگىمگە ئارىلىق* قىلىپ بېرىۋەتكەن.

---

* ئارىلىق — پارا.

— بالىڭىز يوقمۇ؟
— ئوغلۇم بار ئىدى، يۇزبېگى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈ-
ۋەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.
پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
— ئەمىسە خوتۇنىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىسا، ئەپەن-
دىم:
— ئۆزلىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالامدىكىن، دەپ
يوشۇرۇپ قويدۇم، — دەپتۇ ئەپەندىم.
پادىشاھنىڭ جان - پېنى چىقىپ ۋارقىراپتۇ:
— ئەخمەق! نېمانچە يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى
قىلىسەن؟!
— راست گەپ، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئەپەن-
دىم، — ئەگەر يالغان بولسا بۇنچىلىك ئاچچىقلىرى
كەلمىگەن بولاتتى.

(ئۇيغۇر)

# دوستۇمنىڭ سانى

ئەپەندىم قازى بولۇپ ئولتۇرغان كۈنلىرىدە ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈ-زۈلمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ياﺋاللا ئەپەندىم، دوستلىرىڭىز شۇنچىمۇ كۆپ بولامدىغان، كېلىپ - كېتىپ بارغان ئادەمنىڭ سانى يوققۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانچىلىك دوستۇم بارلىقىنى هازىر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دوستۇمنىڭ سانىنى مەن قازىلىقتىن چۈشكەندە سوراڭ.

(ئۇيغۇر)

# بۆرە بىلەن يولۋاس

بىر بەگ بۆرىنىڭ ئاغزىدىن بىر قوينى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ ـ دە، ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئەپەندىم قوينىڭ مەرگىنىنى ئاڭلاپ، بەگنىڭ هويلىسىغا كىرىپتۇ.

بەگ ئەپەندىمنى كۆرۈپ دەرهال:

— بۇ قوينى بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، — دەپتۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا سىزنى قارغايدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىدەپ قارغاپتۇ؟

— نېمىدەپ قارغايتتى، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم، دەپچۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قىيىن سوئال

پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشقا بىر مەملىكەتتىن كەلگەن ئۈچ سودىگەر پادىشاھقا ھەربىرىنىڭ بىردىن قىيىن سوئالى بارلىقىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بىراق، ئوردىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ، ئوردىدىكىلەردىن بىرى نەسرىدىن ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كەلسەك دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ. ئەپەندىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېشىكىدىن چۈشۈپتۇ ـ دە:

— خوش، پادىشاھىئالەم، بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، قېنى بۇ مېھمانلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ باققىچۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەپەندىم سودىگەرلەرگە قاراپ:

— قۇلىقىم سىلەردە، قېنى، سوئاللىرىڭلارنى بېرىڭلار، — دەپتۇ.

بىرىنچى سودىگەر سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، يەرنىڭ كىندىكى نەدە؟

ئەپەندىم تېنىمەي - تەمتىرىمەي قولىدىكى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— ئەنە، دەل ئاشۇ ئېشىكىمنىڭ ئوڭ پۇتى تۇرغان يەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— قانداق ئىلەنچۇكىڭىز* بار؟ — دەپتۇ سودىگەر.
— سىز ئاۋۋال ئۆلچەپ كۆرۈڭ، بىر غېرىچ كەم ياكى بىر غېرىچ ئارتۇق چىقسا يەنە مەن بار، — دەپتۇ ئەپەندىم.
سودىگەر گەپ - سۆز قىلالماپتۇ.
— ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانى قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككىنچى سودىگەر.
— ئېشىكىمنىڭ تۈكى قانچە بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانىمۇ شۇنچە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ساناپ كۆرۈڭ، ئارتۇق - كەم چىقسا مېنى ئىزدەڭ.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى سودىگەرمۇ جىم بوپتۇ.
ئەپەندىم ئۈچىنچى سودىگەرگە قاراپتۇ.
ئۈچىنچى سودىگەر:
— مېنىڭ ساقىلىم نەچچە تال؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۈك نەچچە تال بولسا، ساقىلىڭىزمۇ شۇنچە تال، — دەپ جاۋاب بېرىپ-

* ئىلەنچۈك — ئاساس، دەلىل، ئىسپات.

تۇ ئەپەندىم.

سودىگەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمە ئىلەنچۈكىڭىز بار؟ — دەپتۇ.

— ساقىلىڭىزنى بىر - بىردىن يۇلۇڭ، مەنمۇ ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۈكنى يۇلىمەن، ئارتۇق - كەم چىقسا ئۆزۈم ئىگە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

سودىگەر ساقىلىنى سىلىغىنىچە گەپ قىلالماي قاپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**



# سىز ئەخمەق

بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنى «ئەخمەق» دەپتىكەن، قازى پادىشاھقا ئەرز قىپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ئاچچىقى بىلەن:

— قازىمىزدىن كەچۈرۈم سوراڭ، سىز ئەخمەق ئادەم ئەمەسسىز دەڭ، بولمىسا جازاغا بۇيرۇيمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

— سىز ئەخمەق، ئادەم ئەمەسسىز! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئەپەندىمنى كەچۈرۈم قىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# مەكروھ ئەمەس

ئەپەندىم ئىتىزدىن قورسىقى ئىچىپ قايتىپتۇ ۋە ئوخشىتىپ پولۇ ئىتىپتۇ. پولۇ پىشقاندىن كېيىن تا-ۋاققا ئۇسۇپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىرى چاقىرىپ قاپتۇ. ئەپەندىم كوچىدىن يېنىپ كىرسە، ئىشىك ئالدىدا بىر لالما ئىت سۆڭەك غاجىلاپ يېتىپتۇ. ئەپەندىم ئىتنى قوغلىۋېتىپ، پولۇنى يېمەك بولۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. بىراق، كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ يېيەلمەپتۇ. ئەپەندىم «ئىت پۇراپ قويغان ئوخشايدۇ، ئىت پۇراپ قويسا مەكروھ بولىدۇ دەيدىغان، ھەرھالدا مولladin سوراپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەپەندىم تاۋاقتىكى پولۇنى كۆتۈرگىنىچە موللى-نىڭ قېشىغا بېرىپ:

— موللام، بىر ھۆكۈم قىلىپ بەرسىلە، ئىت پۇراپ قويغان پولۇنى يېگىلى بولامدۇ، بولمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

موللام كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

— ھەي ئىست، پولۇ مەكروھ بوپتۇ، كىتابتا ئېيتىلىشىچە، قىرىق گەز يەردىنمۇ ئىتنىڭ پۇرىقى تەگسە، تائام مەكروھ بولىدۇ، — دەپتۇ.

— بەك سەت ئىش بوپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەسلىدە بۇ پولۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە يەمىز دەپ ئەتكەنىدىم، ئالدىلىرىغا ئەكەلگۈچە قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت...

— توختاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ موللام، — سىز ھازىر قانداق ئىت دېگەنىدىڭىز، كىتابقا ئوبدانىراق قاراپ باقايلى!

— لالما ئىت ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

موللا كىتابنى يەنە ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

— كىتابتا «ئىتلا» دېيىلگەن، «لالما ئىت» دېگەن گەپ يوق ئىكەن، پولۇ مەكرۇھ ئەمەس، قېنى، پولۇنى ئېچىڭ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا لالما ئىت پۇرىغان پولۇنى ئۆزدىڭىز يەڭ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# قىرىق سوئالغا بىر جاۋاب

پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشقا بىر مەملىكەتتىن بىر ئۆلىما كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىرىق سوئالىغا بىرلا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھ ئوردىسىغا كېلىپ ئىشنىڭ تەكتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھېلىقى ئۆلىماغا قاراپ:

— قېنى سوئالىڭىزنى بېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دەپتۇ.

ئۆلىما كەينى - كەينىدىن قىرىق سوئالنى بېرىپتۇ - دە:

— ئەپەندىم، جاۋاب بېرىپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سوئالىڭىزنىڭ بىرىنى چۈشەنگەن بولسام ئۆلەي، جاۋاب شۇ، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت

ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئالدىغا كۆزى ئاغرىغان بىر كىشى كېلىپ كۆزىگە داۋا سوراپتۇ. ئەپەندىم ئاغرىققا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئاغرىقنىڭ يىلتىزى قورساقتا ئىكەن، قورسىقىڭىزدا يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ.

ئاغرىق تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ داۋاسىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ.

— قولىڭىز بىكار بولسىلا قورسىقىڭىزنى سىلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاغرىق كىشى ئەپەندىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بىكار تۇرماي قورسىقىنى سىلاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆزى ياخشى بولۇپ قاپتۇ ـ دە، يەنە ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، بىر كۆرۈپ بېقىڭە، كۆزۈممۇ ساقايدى، قورسىقىمدىكى يىلان يوقىلىپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يىلانمۇ يوقىلىپتۇ، كۆزىڭىزمۇ ساقىيىپتۇ. كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت، دېگەن مۇشۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى

ئەپەندىم بىر تال قوزۇقنى كۈندۈزى بېغىغا ئەكىرىپ قاقىدىكەن، ئاخشىمى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىدىكەن، ھەر كۈنى شۇنداق قىلىدىكەن. كىشىلەر بۇ ئىشنى چۈشىنەلمەي ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىگە مەھكەم بولمىسا بولمايدۇ. نېمە ئىش يۈز بېرىدىغىنىنى كىم بىلىدۇ دەيسىلەر؟

(ئافغان)

# قەدرىگە يەتسۇن دەپ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— كىشىلەر سىزدىن بىرەر نەرسە سورىسا، نېمىشقا شۇ كۈنى بەرمەي ئەتىسى بېرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ كىشى مەندىن ئالىدىغان نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتسۇن دەپ شۇنداق قىلىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)



# خالىسىڭىز ئوڭ يېرىمىنى ئېلىڭ،
# خالىسىڭىز سول يېرىمىنى

پادىشاھ ئەپەندىمنى تەڭلىكتە قالدۇرماقچى بولۇپ، ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئەپەندىمنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئوردىغا كەلگەندە، پادىشاھ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بىزگە بىر نەرسە ھاجەت بولۇپ قالغاندى، شۇ ھاجەتتىن بىر چىقسىڭىزكەن، — دەپتۇ.

— خوش قېنى، ھاجىتىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— پادىشاھ ئالىيلىرىغا يېرىم يۆتەل كېرەك بولۇپ قاپتىكەن، — دەپتۇ ۋەزىر، — شۇنى بىر بەجا كەلتۈرۈپ بەرسىڭىز.

ئەپەندىم ھېچبىر تېڭىرقىماستىن، غىلاپتىن پىچىقىنى چىقىرىپتۇ ـ دە، ئاغزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قاتتىق بىر يۆتىلىپتۇ ۋە:

— پادىشاھىئالەم، خالىسىڭىز يۆتەلنىڭ ئوڭ يېرىمىنى ئېلىڭ، خالىسىڭىز سول يېرىمىنى، — دەپتۇ ـ دە، ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئەزەربەيجان)

# ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس

ئەپەندىم بازاردا ئۇقەت قىلىپ ئولتۇرسا، بازاربېـ
گى كېلىپ:

— ئەپەندىم، ئۇقەت قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېگىم، ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

بەگ ھەيران بولۇپ:

— قانداق بولغىنى بۇ؟ ياخشىمۇ بولمىسا، يامانمۇ بولمىسا! — دەپتۇ.

— بېگىم، ئۇقەت يامان دېسەم، باج ئالغاندا سىز رەنجىيسىز، ياخشى دەي دېسەم، ئۆيگە بارغاندا خوتۇن رەنجىيدۇ. شۇڭا ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بىر «ئۇھ»قا بىر «جىرىك»دىن

ئەپەندىم قازىخانىدا قازى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتىكەن، بىرى ھەرە، بىرى پالتا كۆتۈرگەن ئىككى ئوتۇنچى ئەرزگە كەپتۇ. ئاۋۋال پالتا كۆتۈرگىنى ئەرز قىپتۇ:

— بىز بىر ئادەمنىڭ ھەرىلەنگەن پۇتاقلىق ئوتۇنىنى يېرىپ بېرىشكە سۆزلىشىپ كۆتۈرە ئالغانىدۇق، پالتا بىر بولغانلىقتىن، مەن ئوتۇن ياردىم، شېرىكىم ئۇدۇلۇمدا ھەربىر پالتا ئۇرۇپ «ئۇھ» دېگىنىمدە، ماڭا قوشۇلۇپ «ئۇھ» دېيىشىپ بەردى. ئوتۇننى يېرىپ بولغىنىمدىن كېيىن، خوجايىن پۇلنى ماڭا بەردى. شېرىكىم پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىسەن دەپ جېدەل چىقاردى، ماڭا قوشۇلۇپ «ئۇھ» دېيىشىپ بەرگىنى ئۈچۈن پۇلغا شېرىك بولماقچى.

قازى ھەرچىدىن سوراپتۇ:

— خوش، سەن نېمە دەيسەن؟

— نېمە دەيتتىم، تەقسىر! كېمىگە چۈشكەننىڭ جېنى بىر دېيىشىدۇ. شېرىكىم نامەردلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ھەربىر پالتا ئۇرغاندا، مەن بىكار ئولتۇرغىنىم يوق، ئولتۇرغان جايىمدا «ئۇھ» لىشىپ تۇردۇم. ئادەم

هەدەپ يۈرەكتىن چىقىرىپ «ئۇھ» دەۋەرسە ھېرىپ قالىدىكەن. شېرىكىم پالتا ئۇرۇپ قانچىلىك ھارغان بولسا، مەنمۇ شۇنچىلىك ھاردىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ بىر تەڭگىنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرسۇن.

قازى قانداق ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلمەي، ئەپەندىمگە قاراپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ، پالتىچىدىن ھېلىقى تەڭگىنى سوراپتۇ. تىرنىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يەتتە قېتىم ئاسمانغا قارىتىپ چېكىپتۇ. تەڭگە جىرىڭلاپ خىش ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ھەر چۈشكەندە ئەپەندىم ھەرىكەشكە «ئاڭلاۋاتامسىز» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. كېيىن تەڭگىنى ئوتۇن يارغانغا قايتۇرۇپ بېرىپ ھەرىچىگە:

— تەڭگىنىڭ ھەربىر جىرىڭلىشى ئون قېتىم «ئۇھ»تىن قىممەت تۇرىدۇ. بار، ساڭا ئەرزان قىلىۋەتتۇق. يەتتە قېتىم «ئۇھ» دېگەن بولساڭ، يەتتە جىرىڭ. ساڭا بىر «ئۇھ» بىر «جىرىڭ» دىن چۈشىدۇ. يولۇڭغا ماڭ...، — دەپتۇ.

(قىرغىز)

# پادىشاھنىڭ سايىسىدە

پادىشاھ ئەپەندىمنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئەھۋال سوراپتۇ:

— خوش ئەپەندىم، ئەھۋالىڭىز قانداق؟

— ئىتتەك.

پادىشاھ چاقچاق قىلىپ:

— مەن ئىتتەك دەمدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، — دەپتۇ.

ئەپەندىم قول قوشتۇرۇپ:

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ سايىسىدە ئەھۋالىم ئىت-تەك…، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئەمىسە ئاۋۋال ئىتتەك دېدىڭىز؟

— كەچۈرۈڭ، شاھىم، سىزنىڭ ئەھۋال سوراۋات-قىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

(ئۇيغۇر)

# ئىت ئىكەن

ئەمىر تېمۇر كېچىسى ئەپەندىم بىلەن مەي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ مۇچىلىنى سۇرۇشتۇرۇپ قاپتۇ، ئەپەندىم ھېسابلاپ چىقىپ:

— مۇچىلىڭىز ئىت ئىكەن، — دەپتۇ.

— جاھانغا شىر بولۇپ تونۇلغان بىر جاھانگىر ئىت بولسا ـ ھە! يېڭىلىشماستىن توزۇكرەك ھېسابلاپ چىقىڭ، ئەپەندىم. ھېچبولمىغاندا بۆرە قىلىپ چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئەمىر تېمۇر.

— بۇ يېقىنى دەيدىغان بولسىڭىز، سىز ئىتلىقىڭىزدا تۇرۇۋېرىڭ ـ دە، ماختاشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ: مۇچىلىڭىز پىل! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# كىشىنەشتىن ھاڭرىغان يامان

بەگنىڭ خوتۇنى مەيدە بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىمنىڭ دۇكىنى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرەر مالغا كۆزى چۈشۈپ قالسا، «پۇلنى ئېرىمدىن ئالىسىز» دەپ ئەكېتەتتىكەن، ئۇنىمىغان دۇكاندارلارغا تۆھمەت قىلىپ، «ماڭا گەپ قىلدى» دەپ ئېرىگە چېقىپ سولىتىۋېتىدىكەن.

بۇ خوتۇندىن تويغان دۇكاندارلار ئەپەندىمگە يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز بەگ بىلەن پات - پات سۆھبەتلىشىپ تۇرىسىز. خوتۇنى بەگنى ئېشەك قىلىپ مىندۇالغىنىنى بەگكە تەنە بىلەن تەگكۈزۈپ قويسىڭىز، بەلكىم بەگ خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويار...

ئەپەندىم بىر پەيتنى تېپىپ، بەگكە بۇ ئىشنى ئېيتىپ كېلىپ:

— خوتۇنىڭىز ئابرۇيىڭىزنى تۆكۈۋاتىدۇ، بەگ، — دەپتۇ.

بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ. بۇنى كىم ئېيتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالغان خوتۇنى ئەپەندىمدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ خو-

تۇنى بىلەن دوست بوپتۇ.

— مەن بەگ ئەردىن بەكمۇ تويدۇم، زادى ئەركى-
لىتىشنى بىلمەيدۇ. باشقا خوتۇنلارنى ئەرلىرى ئەركى-
لىتىدۇ دەپ ئاڭلىغانتىم، سىزنىڭ ئېرىڭىز قانداق-
راق؟

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى:

— ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن ئەپەندىمنى ئات قىلىپ
مىنىمەن، ئۇ كىشى كىشنەپ ھويلىنى بىر ئايلاندۇرۇپ
چىقىدۇ، — دەپتۇ.

بەگنىڭ خوتۇنى بۇ گەپنى ئېرىگە ئېيتىپ بېرىپ-
تۇ.

بەگ ئەپەندىمنى مازاق قىلىپ:

— بەزىلەرنىڭ خوتۇنى ئېرىنى مىنىپ، كىشنى-
تىپ ئوينايدىكەنغۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم گەپنىڭ تېگىنى دەررۇ پەملەپ مۇنداق
جاۋاب بېرىپتۇ:

— كىشنىگەندىن ھاڭرىغان يامان.

(ئۇيغۇر)

# يول بولسۇن

ئەپەندىم ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىكەن، قازى ئۆتۈپتۇ.

— يول بولسۇن، تەقسىر، نەگە؟ — دەپتۇ ئەپەن-دىم.

— كېكىردەككە! — دەپتۇ قازى ئەپەندىمنى زاڭ-لىق قىلماقچى بولۇپ.

ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپ:

— قايتىپ كېلەمسىز ياكى شۇ ياقتىن ئېتىزغا چىقىپ كېتەمسىز؟ — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئادالەتلىك ھۆكۈم

بىر ئادەم خوتۇنىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، كوچە - كوچىلاردا يۈرۈپ، ئۆزى ئۆيلىنىپ قالماقچى بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا ئەرزگە بېرىپتۇ.

— قازى تەقسىر، خوتۇنۇمغا كۆڭۈلسىز بولدۇم، كوچە - كوچىنى ئۆزۈم تاپقان، ئۆزۈم ئۆيلىنىشىم كېرەك، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ئەپەندىم ئۇنى ئىنساپقا كەلتۈرمەكچى بولۇپ خېلى ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچ ئىلاج قىلالماپتۇ، ئاخىر:

— ئۇنداق بولسا سىز دەۋاتقان نەرسىلەرنى بىرمۇ بىر ئېيتىڭ، بىز خەتلەپ ھۆكۈم چىقىرايلى، — دەپتۇ.

دەۋاگەر نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

— كالا - پالا، گىلەم - پىلەم، كۆرپە - مۆرپە، ساندۇق - پاندۇق، ھويلا - پويلا...

ئەپەندىم خېلىدىن كېيىن ھۆكۈمنى ئوقۇپتۇ...

— كوچە - كوچىنى ئەر - خوتۇن بىللە تاپقىنىڭلار ئۈچۈن ئىككىڭلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، دې-

مەك، كالا خوتۇنىڭىزغا، پالا سىزگە؛ گىلەم خوتۇن-
ىڭىزغا، پىلەم سىزگە؛ كۆرپە خوتۇنىڭىزغا، مۆرپە
سىزگە؛ ساندۇق خوتۇنىڭىزغا، پاندۇق سىزگە؛ هويلا
خوتۇنىڭىزغا، پويلا سىزگە...

دەۋاگەر هودۇقۇپ كېتىپ:

— مەيلى، مەيلى، ئارىغا باشقا گەپ قوشماي،
كۆرپىنى تەڭ بۆلۈپ قويۇڭ!...، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ئەزرائىل قورقىدۇ

ئەپەندىم قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى بىر ئاغىنىسى يوقلاپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئاغىنىسىدىن دەرۋازا ئۈستىگە بەگنىڭ ئىسمىنى يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:

— بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەلەپمۇ قىل، سەۋەبمۇ قىل، دەپتىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — بەگنىڭ پەيلىدىن ئەزرائىلمۇ قورقىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆرسە، ئەزرائىلمۇ قورقۇپ ئۆيگە كىرمەي كېتىپ قالار.

(ئەزەربەيجان)

# پۇلى يوقنىڭ گېپى توك

مەھەللىنىڭ بېيى ئەپەندىمنىڭ بىر قويىنى ئۆز قويلىرىغا قوشۇۋاپتۇ. ئەپەندىم قويىنى سوراپ بارسا، باي: «قوي ئۆزۈمنىڭ قويى» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا بارسىمۇ ئەپەندىم گېپىنى ئاققۇزالماپتۇ. باي ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ:

— تولا ئاۋارە بولماڭ، گېپىڭىزنى ئاقتۇرالمايسىز، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىم باينىڭ بەش قويىنى ھەيدەپ كېلىپ سولىۋاپتۇ. باي سوراپ كەلسە، ئەپەندىم باينى تازا يامان تىللار بىلەن تىللاپ، رەسۋاسىنى چىقىرىپتۇ.

باي:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق؟ — دېسە، ئەپەندىم:

— شۇنداق، باي جانابلىرى، پۇلى يوقنىڭ گېپى توك! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# پەس يەرلەرگە يىغىلىپ قالغان

ئەپەندىمدىن كىشىلەر:

— ئەپەندىم، نېمىشقا بەزىلەر باي، بەزىلەر كەمبەغەل بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— بايلىق، پۇل دېگەن نەرسە سۇغا ئوخشاش بولىدۇ. سۇ دېگەن پەس، ئويمان يەرلەرگە يىغىلىپ قالىدۇ. بايلار پەس، كەمبەغەللەر ئېگىز بولغاچقا، پۇلمۇ سۇغا ئوخشاش ئېگىز تاغلاردىن ئېقىپ چۈشۈپ، پەس يەرلەرگە يىغىلىپ قالغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# ئىسمىڭدىن بىلدىم

ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بىر تونۇشى كەلسە، ئەپەندىم ئۆيدە يوق ئىكەن. تونۇشى ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىگە «ئېشەك» دەپ يېزىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەپەندىم تونۇشىنى بازاردا ئۇچرىتىپ:

— ئاغىنە، ئاخشام ئۆيگە بېرىپتىكەنسەن، مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ.

— نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تونۇشى.

— ئىشىكىمگە يېزىپ قويغان ئىسمىڭدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قازىنى ئەخمەق قىلىش

بىر ئىت كېلىپ ئىككى ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يولغا چىچىپ قويۇپتۇ. ئىككى ئائىلىنىڭ ئىگىسى پوقىنى سەن ئالدىسەن دېسە، سەن ئالىسەن دەپ بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ گەپ تالىشىپ قاپتۇ. بۇلار تەگىشە - تەگىشە ئاخىر قازىنىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەپەندىمۇ بىر ئىش بىلەن قازىخانىغا كېلىپ قالغانىكەن.

قازى بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىر - بىرى ئۈستىدە قىلىشقان شىكايەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەپەندىمنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىشى ئۈستىدە سىز بىر ھۆكۈم چىقىرىپ قويىسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم بۇ ئىككى ئادەمگە بىر قۇر قارىۋېتىپ، قىلچە ئىككىلەنمەي مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

— بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىش ئىكەن. ئىت كۆپچىلىك ماڭىدىغان يول ئۈستىگە چىچىپ قويۇپتۇ. بۇنى ئىككىڭلار ئالماڭلار، قازى ئېلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە!

(ئۆزبېك)

# قوش ھەق

ئەپەندىم مۇنچىغا چۇشۇپتىكەن، مۇنچىكەش ئەپەنـ
دىمنى كۆزىگە ئىلماي، ئەسكى داس، يىرتىق لۆڭگە بېرىپتۇ. ئەپەندىم يۇيۇنۇپ بولۇپ، باشقىلاردىن كۆپـ
رەك ھەق تۆلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇنچىكەش قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ.

ئىككىنچى قېتىم ئەپەندىم يەنە شۇ مۇنچىغا چۇـ
شۇپتۇ. بۇ قېتىم مۇنچىكەش ئەپەندىمنى ئىززەتلەپ، يېڭى داس، يېڭى لۆڭگە بېرىپتۇ. لېكىن ئەپەندىم ھەق تۆلىمەي مۇنچىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئەپەندىم! — دەپ ۋارقىراپتۇ مۇنچىكەش ئەپەنـ
دىمنىڭ كەينىدىن، — ھەق تۆلەش يادىڭىزدىن چىقتىمۇ؟

— يوقسۇ، ئۆتكەن قېتىم قوشلاپ ھەق تۆلىگىنىم ھازىرقىدەكلا يادىمدا، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بۇيرۇقا بىنائەن

ئەپەندىم ئوردىدا مۇلازىملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، پەملىكرەك بولۇڭ. مەن بىر ئىشقا بۇيرۇسام، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قېلىپ، ئەپەندىمنى تېۋىپ چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم تېۋىپ چاقىرىش بىلەن بىللە، كېپەنلىك ماتا، تاۋۇت ئېلىپ ئىمامنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپ كەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— سىزنى تېۋىپقا بۇيرۇسام، بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ كايىپتۇ.

— بۇيرۇقلىرى بويىچە، پادىشاھئالەم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھەزرەتلىرى مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كېلىشنى تاپىلىغانىدىلە، شۇنىڭغا بىنائەن، مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كەلدىم.

(ئۇيغۇر)

# يولدىكى گەپ

پادىشاھ: «كىم ماڭا ياققۇدەك قەسىدە يېزىپ بې-غىشلىسا، مۇكاپات بېرىمەن» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەپەندىم قاملاشمىغان بىر قەسىدە توقۇپ، پادىشاھ ئوردىسىغا مېڭىپتۇ. يولدا پۇقراچە كىيىنگەن بىرى ئۇچراپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— نەگە ماڭدىڭىز؟

— پادىشاھقا قەسىدە بېغىشلىغىلى، — دەپتۇ ئەپەن-دىم.

ھېلىقى كىشى قەسىدىنى ئوقۇپ بېقىشنى سوراپ-تۇ. ئەپەندىم ئوقۇپ بېرىپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئاڭلاپ:

— ئاۋارە بولماڭ، بۇ قەسىدىنى پادىشاھ قوبۇل قىلمايدۇ، — دەپتۇ.

— پادىشاھ قوبۇل قىلمىسا، ئاستىمدىكى ئېشەد-كىمگە بېغىشلىۋېتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئەپەندىم ئەتىسى ئوردىغا كىرسە، ئاخشام يولدا كۆرگەن ئادەم تەختتە ئولتۇرغۇدەك.


— خوش، قەسىدىڭىزنى ئوقۇڭ! — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەپەندىم قەسىدىنى ئوقۇپتۇ.

— قاملاشماپتۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— قاملاشمىغان بولسا، يولدىكى گېپىم گەپ. ئېشىكىم ئىشىك ئالدىدا باغلاقلىق، ئېشىكىمگە بېغىشلىۋېتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا.

(ئۇيغۇر)



# پۇراققا جىرىك

ئەپەندىم بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا ئوقەت قىلىپ ئولتۇرغان كۈنلەردە، ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا:
— ئەپەندىم، كۈندە ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پولۇ، مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇپ يۈرىسىز، بۇنىڭ پۇلىنى تۆلەڭ! — دەپتۇ.
— پۇراققىمۇ پۇل تۆلەمدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.
— مېنىڭ پولۇ، مانتىلىرىمغىلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۇرىقىغىمۇ پۇل تۆلىتىمەن، بولمىسا قازىغا بېرىپ سۆزلىشىمىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەپەندىمنى قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى:
— خوش، ئەپەندىم، بۇ دەۋاغا نېمە دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم قازىغا:
— توغرا، بۇ كىشىنىڭ تاماقلىرىنىڭ پۇرىقىدىن ئاغزىمغا سېرىقسۇ كەلگىنى راست. ئەمما، كۈندە جىرىڭلىتىپ سانىغان تەڭگىلىرىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشكىنىمۇ راست. دېمەك، پۇراققا جىرىڭ بېرىپ ئارىمىزدىكى ھېساب - كىتابنى تۈگەتكەنىدۇق، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تەتۈر مەخلۇق

يېزىنىڭ جاھىل، مۇتتەھەم بىر بېيى سۇغا چۇشۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى سۇغا چۇشكەن يېرىنىڭ تۆۋەنرەك تەرىپىدىن ئىزدەۋاتقاندا، ئەپەندىم كېلىپ قاپتۇ.

— تۆۋەندىن ئىزدەپ بىكار ئاۋارە بولۇپسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندىم كىشىلەرگە، — يۇقىرى تەرەپتىن ئىزدەڭلار، تىرىك چېغىدا تازىمۇ تەتۈر مەخلۇق ئىدى، سۇغا چۇشكەندىمۇ تەتۈر ئاققان بولۇشى مۇمكىن.

(ئۇيغۇر)

# ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى

بىر كۈنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوۋغا چىققاندا، ئەپەندىمنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. يولدا ئۇلار ئىسسىپ كېتىپ، چاپانلىرىنى يېشىپ، ئەپەندىمگە ئارتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ئۈستىڭىزدىكى بىر ئېشەكنىڭ يۈكى بوپتۇ، — دەپ زاڭلىق قىپتۇ.

ئەپەندىممۇ دەرھال:

— يوقسۇ، تەقسىر، ئۈستۈمدىكى ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# قازى ۋە ئەقىل

بىر كۈنى كىشىلەر ئەپەندىمگە خەۋەر يەتكۈزۈپ:
— شەھەرنىڭ قازىسى ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، — دېيىشىپتۇ.

ئەپەندىم بۇ خەۋەردىن ئۇزاق ئويلىنىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئەپەندىمدىن نېمىشقا ئويلىنىپ قالغانلىقىنى سورىسا، ئەپەندىم:

— قازىنىڭ ئۆزىدە ئەقىل يوق تۇرسا، يەنە نېمىدىن ئازغاشتىكىن دەپ ئويلىنىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ھۈۋقۈش نېمە دەيدۇ؟

ئەپەندىم «قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن» دەپ يۈر-
گەن كۈنلىرىدە پادىشاھ ئۇنى ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ.
يولدا ئۇلارغا بىر ۋەيرانىدە سايراپ تۇرغان ھۈۋقۈش
ئۇچراپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمدىن:

— قېنى ئېيتىڭە، ئەپەندىم، ھۈۋقۈش نېمە دەۋا-
تىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ھۈۋقۈش پادىشاھنىڭ زۇلۇمى مۇشۇنداق بولى-
ۋەرسە، ئاز كۈندە شەھەرمۇ مېنىڭ ماكانىمغا ئايلىنى-
دۇ، دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# پادىشاھنىڭ ئەقلى

پادىشاھ ئەپەندىمنى ئەخمەق قىلىش مەقسىتىدە ئۇ-نى ئېلىپ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىپتۇ، ئەپەندىمگە بىر قېرى قىرچاڭغۇ ئاتنى مىندۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئۇلار تازا ئوۋ قىلىۋاتقاندا ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ شارىلداپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئوۋنى توخ-تىتىپ، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ ھەمراھلىرى بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قېرى قىرچاڭغۇسى نە-دىمۇ چاپالىسۇن، ئۇ ئامالنىڭ يوقىدا چاپان - چارىلد-رىنى سېلىپ خۇرجۇنغا تىقىپتۇ - دە، يامغۇرغا قارى-ماي، ئېتىنى سوكۇلدىتىپ ئوردىغا قايتماقچى بوپتۇ. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە يامغۇر توختاپتۇ. ئەپەندىم خۇرجۇندىن قۇرۇق كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيگىنىچە ئوردىغا كەپتۇ. پادىشاھ ھەيران قېلىپ:

— ئەپەندىم، كىيىملىرىڭىز ئەجەب ھۆل بولماپ-تىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، ماڭا بەرگەن ئېتىڭىز خىس-لەتلىك بىر ئات ئىكەن، سىلەر كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا قانات چىقىرىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە

مۇشۇ يەرگە يەتكۈزۈپ كەلدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

پادىشاھ ئىشىنىپ قاپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئوۋغا چىققاندا ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئەپەندىمگە بېرىپ، ئۆزى ئەپەندىمگە بەرگەن قېرى قىرچاڭغۇغا مىنىپتۇ. بۇ قېتىممۇ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئاتنىڭ بېشىنى قايرىپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ، پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئەپەندىمنىڭ كەينىدىن چېپىپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەمما، پادىشاھ مىنگەن قېرى ئات ھەرگىز ئەپەندىم دېگەندەك قانات چىقارماپتۇ، ئەكسىچە بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ تازا بىر جاجىسىنى بەرمىسەم قېنى دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

پادىشاھ سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سولىشىپ، مىڭ تەسلىكتە ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەپەندىمنى سوراققا تارتىپتۇ:

— ئەپەندىم، سەن قايسى يۈرىكىڭ بىلەن مېنى ئالدىدىڭ، قېنى، ئۇ ئاتنىڭ قانات چىقارغىنى؟

— پادىشاھىئالەم، ئات قانات چىقىرىدۇ دەپ قاچان ئاڭلىغانتىڭىز؟ ئۇ چاپالمىغان بولسا، ماڭا ئوخشاش كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى خۇرجۇنغا تىقىشنى بىلمىدىڭىزمۇ؟ ھەي، پادىشاھ بىلەن ئەقىل باشقا - باشقا نەرسە ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# نومۇسنى بىلمەيدىغان كىشى

ئەپەندىم بىر يېقىن دوستىغا خەت يېزىۋاتسا، بىرى ئەپەندىمنىڭ كەينىگە كېلىپ، ئوغرىلىقچە خەتنى ئوقۇپتۇ. ئەپەندىم خەت ئوقۇۋاتقان كىشىنى سېزىپ قېلىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا: «قەدىرلىك ئاغىنە، ساڭا يازىدىغان گەپلىرىم كۆپ ئىدى، بىراق، نومۇسنى بىلمەيدىغان بىر كىشى كەينىمدە تۇرۇپ خەتنى ئوغرىلىقچە ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ يېزىپتۇ.

ھېلىقى كىشى تېرىكىپ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، كىشىنى نېمىشقا ھاقارەت قىلىسىز، سىزنىڭ خېتىڭىزنى كىم ئوقۇپتۇ؟ — دەپتۇ.

— خەتنى ئوغرىلىقچە ئوقۇمىغان بولسىڭىز، ھاقارەت قىلىغانلىقىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئىت يىرگەندى

ئەپەندىمنىڭ ئىتى كىچىسى هويلىنى كۆزەت قىلىپ، كۈندۈزى كاتەككە كىرىپ ئۇخلايدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ هويلىسىغا مىڭىبىگى كىرىپتىكەن، ئىت دەررۇ كاتەككە كىرىپ كېتىپتۇ. مىڭبېگى قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەپەندىم، ئىتىڭىز مېنى كۆرۈپ قورقۇپ كاتەككە كىرىۋالدى، — دەپتۇ.

— يوقسۇ، تەقسىر، قورققىنى يوق، بەلكىم يىرگەندى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خۇدادىن قورققۇچە قۇداڭدىن قورق

ئەپەندىم مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كې-
يىن، ئاۋۋال سول تەرىپىگە، ئاندىن ئوڭ تەرىپىگە
سالام بېرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىر نامازخان ئەپەندىمگە:

— بۇگۈن نامازدا خاتا قىلدىڭىز، ئاۋۋال ئوڭ
تەرەپكە سالام بېرىش ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ —
دەپتۇ.

— ئېسىمدىن چىققىنى يوق، — دەپتۇ ئەپەن-
دىم، — بىراق، بۇگۈن سول تەرىپىمدە ئوغلۇمنىڭ
قېيناتىسى ئولتۇرۇپتىكەن، خۇدادىن قورققۇچە قۇداڭ-
دىن قورق، دېگەن گەپ ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى - دە،
ئاۋۋال سول تەرىپىمگە سالام بەردىم.

(ئۇيغۇر)

# قازىنىڭ ئۆلپىتى

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋاتسا، قازى ئۇچراپ قاپتۇ.

قازى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەپەندىم، ئىككى بۇرادەر قاياققا ماڭدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، بۇرادىرىڭىز: «زېرىكىپ كەتتىم، بىرەر ئۆلپىتىمنىڭ ئۆيىگە ئاپارغىن» دېۋىدى، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە باشلاپ كېتىۋاتاتتىم، جانابىڭىز ئۇچراپ قېلىپ يولۇم قىسقاردى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# چۈش

ئەپەندىم قازىخانىغا كىرسە، بىر باي قازىنى ماختاۋاتقانىكەن.

— تەقسىر، ئاخشام شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپتۇ باي قازىغا، — چۈشۈمدە ئەرشكە چىقىپتىمەن، قارىغۇدەك بولسام، خۇدا ئۆزلىرىنى پەرىشتىلىرىگە ماختاپ بىرىۋاتقۇدەك.

— ناھايىتى مەنىلىك چۈش ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم قازىغا، — بۇ چۈشكە قارىغاندا، يېقىن ئارىدا ئۆزلىرىگە يا بۇ كىشىنىڭ ھاجىتى چۈشىدۇ، يا خۇدانىڭ.

(ئۇيغۇر)

# شورپىنىڭ شورپىسى

ئەپەندىمگە بىر ئوۋچى دوستى توشقان ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم خۇشال بولۇپ، توشقان گۆشى بىلەن مېھمان قىپتۇ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىم-نىڭ ئىشىكىنى بىرى چېكىپتۇ. ئەپەندىم چىقىپ قارى-سا، ئىشىك ئالدىدا ئىككى - ئۈچ ئادەم تۇرغۇدەك.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بىز سىزگە توشقان ئەكېلىپ بەرگەن دوستى-ڭىزنىڭ دوستلىرى بولىمىز! — دەپتۇ كەلگەن كىشىلەر.

ئەپەندىم «خۇش كەپسىلەر» دەپ ئۇلارنىمۇ شورپا بىلەن مېھمان قىپتۇ.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ ئۆ-يىگە بەش - ئالتە ئادەم كەپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىسا، «بىز توشقان ئەكېلىپ بەرگەن دوستىڭىزنىڭ دوستلىرىنىڭ دوستلىرى بولىمىز» دەپتۇ.

— ناھايىتى ئوبدان كەپسىلەر، قېنى ئۆيگە كىرەي-لى، — دەپ ئەپەندىم كەلگەنلەرنى ئۆيگە باشلاپتۇ، ئار-

قىدىن يوغان جاۋۇرغا ئېرىقتىكى لاي سۇنى لىق تولدۇ-
رۇپ ئەكىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ:
— قېنى مېھمانلار، غىزاغا باقايلى!
مېھمانلار ھەيران بولۇپ:
— ئەپەندىم، بۇ قانداق غىزا؟ — دەپ سوراپتى-
كەن. ئەپەندىم:
— دوستۇم ئەكېلىپ بەرگەن توشقاننىڭ شورپى-
سىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسى! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# جەننەت بىلەن دوزاخ

ئەپەندىمدىن كىشىلەر سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كىشىلەر قاچانغىچە تۇغۇلۇپ ئۆلۈۋېرىدۇ؟

— جەننەت بىلەن دوزاخ تولغۇچە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# داۋا

ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، مەھەللىنىڭ بىر گەپدانى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە گەپتىن چۈشۈرمەك بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئاخشام ئۇخلاپ ياتسام، بىر چاشقان ئاغزىمدىن كىرىپ كەتتى، بۇنىڭغا نېمە داۋا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— داۋاسى ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بىر ئاچ قالغان مۈشۈكنى تېپىڭ ـ دە، ھۆللەپ يۇتۇۋېتىڭ.

(ئۇيغۇر)

# شەھەرنى بېشىمغا كىيىمەن

ئەپەندىم قوغۇن سېتىپ يۈرگەن كۈنلەردە بەگنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىپ، ئەپەندىمنىڭ قوغۇنىنى يەپ پۇلىنى بەرمەپتۇ.

ئەپەندىم بەگكە ئەرز قىلىپ:

— تەقسىر، خىزمەتچىڭىزدىن پۇلۇمنى ئېلىپ بېرىڭ، بولمىسا يۇرتنى بېشىمغا كىيىمەن، — دەپ دوق قىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ غوۋغا كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، بەگ خىزمەتچىسىدىن پۇلنى ئېلىپ بېرىپتۇ-دە، ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، پۇلنى بەرمىسەم، يۇرتنى بېشىڭىزغا قانداق كىيمەكچىدىڭىز؟

— ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — يۇرتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى تاپاتتىم-دە، بېشىمنى يەرگە، پۇتۇمنى ئاسمانغا قىلىپ تۇراتتىم.

(ئۇيغۇر)

# پەرق

بىر كۈنى ئەپەندىم سەراپقا چۈشۈپتۇ. ئەپەندىم ئالدىراپ بېرىپ، سۈپىدا ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ يې-نىدا ئولتۇرۇپ يۈيۈنۈشقا باشلاپتۇ. سۈپىدا ئولتۇرغان كىشى يۇرتىنىڭ بېگى ئىكەن. ئەپەندىمنى بىھۆرمەتلىك قىلدى دەپ ئاچچىقى كەلگەن بەگ:

— ھەي بىھۆرمەت، ئەدەپسىز، سېنىڭ ئېشەكتىن پەرقىڭ زادى قانچىلىك؟ — دەپتىكەن.

ئەپەندىم دەررۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارى-لىقنى غېرىچلاپ كۆرۈپ:

— پەرق كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئارانلا ئىككى غې-رىچ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

**************************

# سىزدىن تەلىم ئېلىپ

بىر كۈنى مىڭبېگى ئەپەندىمدىن يامان بىر ئىت تېپىپ ئەكېلىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئىككى كۈن ئۆت-كەندىن كېيىن ئەپەندىم تەپسە تەۋرىمەيدىغان بىر ياۋاش ئىتنى تېپىپ ئەكېلىپ مىڭبېگىگە بېرىپتۇ.

— ئەپەندىم، سىزگە ھويلىغا ئادەم يولاتمايدىغان يامان ئىتنى تېپىپ ئەكېلىڭ دېسەم، تېپىپ ئەكەلگەن ئىتىڭىزنى قاراڭ! — دەپ رەنجىپتۇ مىڭبېگى.

— تەخىر قىلىڭ، مىڭبېگى، — دەپتۇ ئە-پەندىم، — بۇ ئىت ئىككى - ئۈچ كۈنلا سىزدىن تەلىم ئالسا، ھويلا ئۇياقتا تۇرسۇن، كوچىغىمۇ ئادەم يولات-مايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

(ئۇيغۇر)

# ۋەز

خۇپتەندىن كېيىن ئىمام ۋەز ئېيتماق بولۇپ قۇبىدىگە چىقىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

جامائەتتىن بىرى:

— ۋاقىت ئۆتمىسۇن، ئىمام ئاخۇنۇم، قېنى گېپىڭىزنى باشلاڭ، — دەپتۇ.

ئىمام بىر هازادىن كېيىن:

— ئېسىمىگە هېچنېمە كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتىكەن، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئەپەندىم:

— ئەقلىڭىزگە هەيرانمەن، هېچبولمىسا، ئەقلىڭىزگە پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىشمۇ كەلمىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# توخۇ ۋە ئۇرۇق

سەپەرگە چىققان بىر مۇساپىر سودىگەر شەھەر سا-رايلىرىدىن بىرىدە قونۇپتۇ. سارايۋەن ئۇنىڭغا بىر تو-خۇ، ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەتىسى سودى-گەر يولغا چىقىش ئالدىدا سارايۋەنگە:

— قايتىشىمدىمۇ مۇشۇ سارايغا چۈشىمەن، شۇ چاغدا ھېسابلىشارمىز، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەر يەنە شۇ سا-رايغا چۈشۈپتۇ. سارايۋەن بۇ قېتىممۇ ئۇنى توخۇ گۆ-شى، تۇخۇم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئەتىسى سودىگەر ساراي-ۋەندىن سوراپتۇ:

— بەرگەن تامىقىڭىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن نەچچە تۆلەيمەن؟

سارايۋەن ئۇياق - بۇياققا ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— ئىككى يۈز تەڭگە بەرسىڭىز بولىدۇ! — دەپتۇ.

— ئىككى توخۇ بىلەن تۆت تۇخۇم ئىككى يۈز تەڭگە بولامدۇ؟ — دەپتۇ سودىگەر ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ! — دەپتۇ ساراي-ۋەن، — ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يېگەن توخۇ تىرىك بولىدىغان بولسا، ھەر يىلى ئاتمىش - يەتمىش تۇخۇم تۇغاتتى. تۇخۇمنى باس-تۇرساق، ھېچبولمىغاندا، قىرىق - ئەللىك چۈجە

چىقاتتى. شۇنداق بولىۋەرسە، ئۈچ يىل دېگەندە پۈتۈن ئەتراپنى توخۇ بېسىپ كېتەتتى. ھېسابلاپ كۆرۈڭ، تېخى مەن ئىنساپ بىلەن ئاران ئىككى يۈز تەڭگىلا سورىدىم.

سودىگەر بىلەن سارايۋەن كېلىشەلمەي قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. سارايۋەن قازىغا ئاستا شەرەت قىلىپ: «مېنىڭ پايدامغا ھۆكۈم قىلسىڭىز، ئالىدىغان پارىڭىزمۇ ئاز بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. قازى سودىگەردىن سوراپتۇ:

— سىز توخۇنى يېيىشتىن ئاۋۋال نەرخىنى سۆزلەشكەنمۇ؟

— ياق، توخۇ دېگەننىڭ نەرخى ھەممىگە مەلۇم بولغاندىكىن سوراپ نېمە قىلىمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئۇنداقتا، سىز قاچان قايتىپ كېلىشىڭىزنى سارايۋەنگە ئۇقتۇرغانمۇ؟

— ياق.

— يا توخۇنىڭ نەرخىنى سۆزلەشمىگەن بولسىڭىز، يا قايتىپ كېلىدىغان مۇددىتىڭىزنى ئېيتىپ قويمىسىڭىز، توخۇ تىرىك بولغان بولسا، ھە، يەنە تېخى تۇخۇم تۇغۇپ چۈجە چىقارغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نەرخى ئىككى يۈز تەڭگىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ سارايۋەن ئىنساپلىق ئىكەن. ئىككى يۈز تەڭگە تۆلەڭ! — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ قازى.

سودىگەر قازىدىن نارازى بولۇپ، ئەپەندىمنى ئىزدەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم قازىخانىغا كېلىپ، بۇ دەۋانى قايتا سوراپ، باشقىدىن

ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قازى ئىلاجسىز ما-قۇل بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سوراق قىلماق-چى بوپتۇ.

بەلگىلەنگەن كۈنى ئەپەندىم قازىخانىغا كېچىكىپ قاپتۇ. قازى ئەپەندىمنىڭ يولىغا قاراپ، تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغىنىدا، ئەپەندىم كىرىپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمىدىڭىز؟ ئادەم-نى شۇنچىمۇ ساقلىتامسىز؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ قازى.

— رەنجىمىسىلە، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قوشنىمىز بىلەن ئورتاق بۇغداي تېرىمەكچىتۇق، يەر-نىڭ ئوسىسى تاۋلىنىپ قاپتىكەن، ئۇرۇقلۇق بۇغداينى قورۇپ بېرىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

— يالغان گەپ قىلماڭ، — دەپ كۈلۈپتۇ قازى، — قورۇلغان ئۇرۇقمۇ ئۈنەمدۇ؟

— بەللى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قورۇلغان ئۇ-رۇقنىڭ ئۈنۈشىگە ئىشەنمەيدىكەنلا، ئەمىسە نېمىشقا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردىلا؟

قازى كۆپچىلىك ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، قۇلاق-لىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە ئىلاجسىز ئاۋۋال چى-قارغان ھۆكۈمنى بىكار قىپتۇ. مۇساپىر سودىگەر ئە-پەندىمگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# مەرگەن ئەپەندىم

ئەپەندىم ئۆزىنى مەرگەن دەپ ماختاپ يۈرگىنىدە، پادىشاھ ئۇنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ، بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ. يولدا ئۇلارغا ئوتلاپ يۈرگەن بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئەپەندىمگە شەرەت قىلىپ، ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ بىرىنچى ئوقى كېيىككە تەگمەپتۇ. ئەپەندىم دەرھال:

— پادىشاھىتىن ئاۋۋال ئوق ئۈزۈش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بۇ سىزگە ئاتاپ ئاتقىنىم، — دەپتۇ - دە، ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپتۇ، ئىككىنچى ئوقمۇ تەگمەپتۇ.

— ۋەزىرنىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك. بۇ ۋەزىرگە ئاتاپ ئېتىشىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، ئاندىن ئۈچىنچى ئوقنى ئېتىپتۇ. ئوق دەل كېيىكنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ.

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئېتىشىم. ئوق دېگەننى مانا شۇنداق ئېتىش كېرەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## دۆلدۆل

پادىشاھنىڭ ئۆچىدىغان دۆلدۆل مىنگۈسى كېـ-
لىپ، ئەپەندىمدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— دۆلدۆل پەرۋىشكە باغلىق. ياخشى ئاتلىرىڭىز-
دىن بىرنى تاللاپ، سەۋر - تاقەت بىلەن ئون يىل
پەرۋىش قىلساق، قانات چىقىرىپ دۆلدۆل بولىدۇ، —
دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ يۈرگەن پادىشاھ
ئەپەندىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ:

— ئاتنىڭ پەرۋىشىگە نېمە لازىم بولىدۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ئارتۇق نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ ئەپەن-
دىم، — بەش يۈز تىللا بىلەن ئون يىل پۇرسەت بەرسى-
ڭىز كۇپايە.

پادىشاھ ئەپەندىمگە ياخشى ئېتىدىن بىرنى مىندۈ-
رۈپ، بەش يۈز تىللا بىلەن يولغا سالپتۇ.

ئەپەندىم ئۆيگە كېلىپ، بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا
سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— ھەي ئادەم، ئاتنىڭ قانات چىقارغىنى نەدە بار؟

بېشىڭىزغا بالا تېپىۋاپسىز! — دەپتۇ.

— ئەندىشە قىلما خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئاتنى ئۈچ - تۆت يىل ئىشلىتىۋالىمىز - دە، ئاندىن سەمرىتىپ سوقۇم قىلىمىز. ئاتنىڭ قانات چىقىرىشىغا ئىشەنگەن ئەخمەق پادىشاھ مۇددەتتىن بۇرۇن قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتى دېگىنىمىزگىمۇ ئىشىنىدۇ.

(قىرغىز)



# ئادىل ئېشەك

ئەپەندىم ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ ئىزدەپ يۈر-
سە، بىر ئاغىنىسى چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىز شەھەرگە قازى بوپتۇ-
مىش، — دەپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، ئېشىكىم ئادىل ئېشەك ئىد-
دى، ئىككى كۈندىلا مەنسەپتىن ئايرىلىپ قايتىپ كېلد-
دىكەن - دە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# ئەيىبنى يوشۇرۇش

ئەپەندىم كوچىدا مەست بولۇپ ياتقان خان ئەمەلدارىنىڭ كىمخاب تونى بىلەن شايى سەللىسىنى يېشىپ ئەكېتىپتۇ. ئەتىسى ئەمەلدار خىزمەتكارلىرىغا سەللە بىلەن تونىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار بازاردا ئەمەلدارنىڭ تونىنى كىيىپ، سەللىسىنى ئوراپ غادىيىپ يۈرگەن ئەپەندىمنى ئۇچرىتىپ، تونىنى سالدۇرۇۋالماق بوپتۇ.

ئەپەندىم:

— توختاڭلار، تونىنى ئىگىسىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىمەن، — دەپ سالغىلى ئۇنىماپتۇ.

خىزمەتكارلار ئەپەندىمنى ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

— تون بىلەن سەللىنى نەدىن ئالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەمەلدار.

— ئاخشام كوچىدا بىرى مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. «سەندەك شەرىئەت يولىدىن ئازغان پەس ئادەمگە تون بىلەن سەللە زايە» دېدىم - دە، سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزۈمنى ئېرىققا دومىلىتىۋەتتىم. ئەگەر شۇ مەست سىز بولسىڭىز، تون بىلەن سەللە مانا، تەقسىر، — دەپتۇ

ئەپەندىم.

— ياق، ياق، مەن مەست بولۇپ باققان ئەمەس، — دەپتۇ ئەمەلدار، — تون تونغا ئوخشايدۇ - دە، بۇ تون مېنىڭ ئەمەس، ئىگىسىنى تېپىپ شۇنىڭغا بېرىڭ.

(ئۇيغۇر)



# ياغنىڭ كۈنجۈرىسى

بارات كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى كۈلكىگە قالدۇرۇش ئۈچۈن: «ئەپەندىم قۇيماق سېلىپ يېسۇن» دەپ بىر قاپاق سۈيدۈك ئەۋەتىپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ بۇ قىلىقىغا لايىق جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگىنىدە، پادىشاھنىڭ چىشى ئاغرىپ ھېچبىر داۋا تاپالماپتۇ، پادىشاھ ئاخىر ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ. ئەپەندىم قورۇق گەندىدىن بىرئاز ئېلىپ قەغەزگە ئوراپتۇ ـ دە، ئوردىغا بېرىپتۇ.

— سىزگە دورا كەلتۈردۈم، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا، — دورىنى ئاغرىغان چىشىڭىزغا بېسىپ، ئاغزىڭىزنى مەھكەم يۇمۇڭ، چىشىڭىزنىڭ ئاغرىقى دەرھال پەسلەيدۇ.

پادىشاھ گەندىنى چىشىغا بېسىپ، ئاغزىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن سېسىقىغا چىدىيالماي قاپتۇ.

— ئەپەندىم، قانداق دورا بۇ، سېسىقلىقىدىن دىماغلىرىم يېرىلىپ كېتەي دېدىغۇ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ سىز ماڭا ئەۋەتكەن ياغنىڭ كۈنجۈرىسى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئېچىلىپ قاپتۇ

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ. بىر قونالغۇغا چۈشكەندە، پادىشاھ ئەپەندىمنى مازاق قىلماقچى بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ ئېتىنىڭ كالپۇكىنى كەستۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى پەملەپ قالغان ئەپەندىم دەررۇ پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

ئەتىسى ئوۋدىن قايتقاندا، پادىشاھ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ئېتىڭىز نېمىگە كۈلۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، ئېتىڭىزنىڭ كەينى ئېچىلىپ قاپتىكەن، شۇنى كۆرۈپ كۈلۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ بىر سودىگەر تونۇشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز پۇلغا ئامراقمۇ، ئۆچمۇ؟

— ئەلۋەتتە پۇلغا ئامراقمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىشقا ئامراق؟ — دەپ سوراپتۇ قايتىلاپ سودىگەر.

— مەككار سودىگەرلەرنىڭ ئالدىدا خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بىلگىنىڭنى قىل

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى خوتۇنى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدا ئەپەندىمگە:

— بۇ خوتۇندىن تويدۇم، قويۇپلىۋېتەي دەيمەن، قانداق دەيسىز، ئەپەندىم؟ — دەپتۇ.

— خوتۇنۇڭنى قويۇۋەت دېسەم، كېيىن تىللايسەن، قويۇۋەتمە دېسەم هازىر تىللايسەن، شۇڭا ئۆزۈڭ بىلگىنىڭنى قىل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۈچ خىل مەخلۇقنىڭ ئوزۇقى

پادىشاھ ئەپەندىمنى لەت قىلماق بولۇپ ئوردىغا چاقىرتىپتۇ ۋە بىر تەڭگە پۇل بېرىپ:

— بۇ پۇلغا بىرلا نەرسە سېتىپ ئەكېلىڭ، ئۇ ئۈچ خىل مەخلۇققا ئوزۇق بولىدىغان بولسۇن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم بازارغا بېرىپ يوغان بىر قوغۇن ئەكەپتۇ ۋە قوغۇننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ قوغۇننىڭ ئېتىنى ئۆزىڭىز يەڭ، شاپىقىنى ئېشىكىڭىز يېسۇن، ئۇرۇقىنى توخۇڭىزغا بېرىڭ ـ دە، ئۈچ خىل مەخلۇق تەڭ تويىسىلەر، — دەپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

## ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئەۋزەل

پادىشاھ شائىرلىققا ھەۋەس قىلىپ، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەر بىلەن بىر شېئىر يېزىپ ئەپەندىمگە كۆرسىتىپتۇ.

ئەپەندىم شېئىرنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— تەقسىر، شېئىر يېزىشنى شائىرلارغا قويۇپ، پادىشاھلىقىڭىزنى قىلىڭ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئاپار بۇنى، ئېغىلغا باغلا، شېئىرنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئەخمەق ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلىسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئەپەندىم بىر ھەپتە ئېغىلغا باغلانغاندىن كېيىن، پادىشاھ: «ئەمدى بۇرنىغا سۇ كىرگەندۇ، بۇ قېتىم شېئىرىمنى ماختىسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ ۋە يېڭىدىن يازغان بىر شېئىرنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بېرىپتۇ.


— قانداق، ئەپەندىم، بۇنىسى ياقامدۇ؟

ئەپەندىم ئۇنچىقماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا سىرتقا مېڭىپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنى توختىتىپ:

— قاياققا ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن.
ئەپەندىم:
— ئېغىلغا، تەقسىر، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئەۋ-
زەل ئىكەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ئۇستا تېۋىپ

ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەندە، ئالدىغا سېمىزلىكىدىن ماشالماس بولۇپ قالغان بىر كىشى كېلىپ:

— نەچچە ئالسىڭىز ئېلىڭ، مېنىڭ ئاغرىقىمنى بىر ساقايتىڭ. ئۇن قەدەم يول ماڭسىلا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، دېمىم سىقىلىپ كېتىدۇ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم ئاغرىقنى كۆرگەندىن كېيىن:

— يۈرىكىڭىزنى ماي قاپلاپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا چارە يوق. كۆپ بولسا يېرىم ئاي، بولمىسا ئون كۈندە ئۆلىسىز، — دەپتۇ.

سېمىز كىشى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن غەم-غۇسسىگە چۈشۈپ يا گېلىدىن تاماق ئۆتمەپتۇ، يا ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئون بەش كۈن دېگەندە، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قاپتۇ، ئەمما ئۆلمەپتۇ.

— قانداق تېۋىپسىز، يالغان گەپنى قىلىپ كىشىنى شۇنچىمۇ ئەنسىرىتەمسىز؟ قېنى ئۆلگىنىم؟

— ئەمدى ساقىيىپسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قېنى، تېۋىپلىق ھەققىنى بېرىڭ.

(ئۇيغۇر)

# تەسەللىگە جاۋاب

ئېشىكى ئۆلۈپ قالغىنىغا ئەپەندىم بەكلا قايغۇرۇپتۇ. قوشنىلاردىن بىرى ئەپەندىمگە تەسەللى بېرىپ:

— سەۋر قىلىڭ ئەپەندىم، كۆپ قايغۇرماڭ، ئېشىكىڭىزنى ئالغان خـۇدا يەنە بىر ئېشەك بېرەر، — دەپتىكەن، ئەپەندىم:

— ھەي ئاغىنە، مەن بىلىدىغان خۇدا شۇ بولسا، بەش تىللاسىز ئېشەك بەرمەيدۇ، — دەپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# ئېشىكىڭ بولسا ھۇرۇن…

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ناھايىتى قاشاڭ، جورۇق بىر ئېشەك ئىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىنى مىنىپ كېتىۋاتسا، قوشنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سەپەر قاياققا؟

— جۈمە نامىزىغا.

— ھوي، بۈگۈن پەيشەنبىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ئېشىكىمنىڭ مېڭىشى مۇشۇ بولسا، جۈمەگىمۇ كېچىكىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئېشىكىڭ بولسا ھۇرۇن، ھەر ئىشنى باشلا بۇرۇن دېگەن شۇ ـ دە!

**(ئۇيغۇر)**

# ساۋابلىق ئىش

بىر زالىم پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، ئەقىللىق ئادەمسىز، ئەمدىكى ئۆمرۈمدە بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەيمەن، يول كۆرسىتىڭە!
— تەقسىر، سىز ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى — كېچە ـ كۈندۈز ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرمەسلىك، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— ئۇيقۇنىڭ نېمە ساۋابى بولسۇن؟ — دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.
— زالىم پادىشاھ بولغىنىدىن بولمىغىنى ساۋاب، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۇخلىغىنى ساۋاب، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# ئىچىدە ماڭغان يامان

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ياخشىمۇ، ئارقىسىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارقىسىدا ماڭساڭمۇ، ئالدىدا ماڭساڭمۇ ئوخشاش، ئىچىدە ماڭغان يامان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئوغرىدىن سوراڭ

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكىنى ئوغرى ئاپتۇ. قوشنىسى ئەپەندىمدىن:

— ئېشىكىڭىزنى قانداق ئوغرىلاپتۇ، كېچىسىمۇ ياكى كۈندۈزىمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

— ئېشەكنى ئوغرى ئالغاندا ئۆزۈم يوق ئىدىم، قانداق ئوغرىلىغانلىقىنى ئوغرىدىن سوراڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# دۇئا

ئەپەندىم ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرسا، شەھەرنىڭ بىر چوڭ ئاخۇنى كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەسەمنىڭ ئۈچى يىرتىلىپ، پۇتۇم چىقىپ قالدى، تەرەت توختىمايۋاتىدۇ. ھازىرلا ياماپ بەرسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

— تەقسىر، ھازىر ۋاقتىم يوق، ئەتە كېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق، ھازىرلا تىكىپ بېرىڭ، بولمىسا بىر دۇئا بىلەنلا سىزنى ئىشىكتىن چىقالماس قىلىپ قويىمەن؟ — دەپ پوپوزا قىپتۇ ئاخۇنۇم.

— دۇئايىڭىز شۇنچە كۈچلۈك بولسا، مەسىڭىزگە ئوقۇپ، ئىككىنچى يىرتىلماس قىلىۋېلىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# پادىشاھ بىلەن يىپ

بىر ئەخمەق پادىشاھ چەت مەملىكەتتىن كەلگەن ئەلچىلەر، ئالىملار ئالدىدا كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى قىلىۋېرىپ، ۋەزىرلىرى ۋە ئوردا ئەھلىنى بەكمۇ ئوسال قىپتۇ. ئۇلار بۇنداق شەرمەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۇ-چۇن، ئەپەندىمنى ئوردىغا چاقىرىپ، پادىشاھقا مەسلى-ھەتچى بولۇشنى تەكلىپ قىپتۇ.

— مەسلىھەتچى بولسام بولاي، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا، — ئەمما كۆرپىنىڭ تېگىدىن ئۆتكۈزۈپ پۇ-تىڭىزغا بىر يىپ باغلاپ قويىمەن ـ دە، بىر ئۇچىنى ئۆزۈم تۇتۇپ تۇرىمەن. توغرا گەپ قىلسىڭىز جىم تۇرىمەن، بولمىغۇر گەپ قىلسىڭىز يىپنى تارتىپ قو-يىمەن، دەرھال جىم بولىسىز.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ. يەنە چەت ئەلدىن ئەلچىلەر كەپتۇ. ئەلچىلەر ئوردىغا كىرىپ ئولتۇرۇش بىلەنلا پادىشاھ ئۇلارغا سوئال قويۇپتۇ:

— مەملىكىتىڭلاردا ئىت، مۈشۈكلەر سېمىزمۇ؟

ئەپەندىم يىپنى تارتىپ قويۇپتىكەن، پادىشاھ جىم بوپتۇ. ئەپەندىم دەرھال پادىشاھنىڭ گېپىگە «مەنە» بېرىپتۇ:

— پادىشاھىمىز مەنىلىك گەپلەرنى قىلىدۇ. ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ سېمىز بولۇشى ئۆلارنىڭ توقلۇ-قىدىن، خەلقنىڭ تىنچ - پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشى-دىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ مەنىلىك گەپلىرىگە قايىل بولۇپ تەزىم قىپتۇ. پادىشاھ ئەپەندىمگە ۋارقىراپتۇ:

— ئەخمەق مەسلىھەتچى ئىكەنسەن، شۇنچە مەنى-لىك گەپ قىلسام، يەنە نېمىشقا يېپنى تارتىسەن؟

(ئۇيغۇر)



## يۇزۇمنى كۆرسەتمەي…

ئەپەندىم پادىشاھنى زاڭلىق قىلغىنى ئۈچۈن پادىشاھ ئاچچىقلاپ:

— ئوردىدىن يوقال! ئىككىنچى يۈزۈڭنى كۆرسەتكۈچى بولما! — دەپ ئەپەندىمنى ئوردىدىن قوغلاپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشقا بىر مەملىكەتتىن ئەلچىلەر كەپتۇ. پادىشاھ ئەلچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە قىينىلىپ، يەنە ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئەپەندىم ئوردىغا دوڭغايغان پېتى كەينىچە مېڭىپ كىرىپ كەپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلەپ:

— ئەپەندىم، بۇ قانداق ھاياسىزلىق! ئالدىمغا كەينىڭچە كىرىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ — دەپتۇ.

— بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆزلىرى يۈزۈڭنى كۆرسەتكۈچى بولما دېگەنىدىلە، شۇڭا يۈزۈمنى كۆرسەتمەي، ئارقامنى كۆرسىتىپ كىردىم!

**(ئۇيغۇر)**

# قازىغا لايىق جاۋاب

قازى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قىرائەت قىلغاندا، قۇرئاننى خاتا ئوقۇپ قويغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق چاغلاردا خاتا ئوقۇپ قويىسىز؟

— پۇلسىز ئاش يادىمغا چۈشكەن چاغدا، يات خوتۇننىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندە، قازى بولۇپ پارا يېگۈم كەلگەندە خاتا ئوقۇپ قويىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## شەھەرنىڭ سارىڭى

بىر كۈنى ئەپەندىم شەھەرگە كىرىپ قايتىپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر كىشى ئۇچراپتۇ. بۇ كىشى ئەپەندىمدىن:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەھەرنى ئايلىنىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— شەھەر قانداق ئىكەن؟

— قويۇقچۇ، شۇمۇ شەھەر بوپتۇمۇ، بەكمۇ مەينەت، قەھەتچىلىك ئىكەن.

— شەھەرنىڭ بېگىچۇ؟

— شەھىرى شۇ بولسا، بېگى نېمە بولاتتى، تازىمۇ زالىم، ئاچ كۆز كىشىمىش.

بۇ كىشىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، زەردە بىلەن:

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ بېگى بولىمەن، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن يوقىراچە كىيىنىپ، شەھەر ئايلىنىمەن.

— سىز مېنى تونۇمسىز؟

— ياق، — دەپتۇ بەگ.

— خۇدايا شۈكرى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەمىسە تونۇپ قويۇڭ، مەن شەھەرنىڭ سارىڭى بولىمەن، مەنمۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئەقلىمدىن ئېزىپ قالىمەن. بۈگۈن دەل ئەقلىمدىن ئازغان كۈنى سىزگە ئۇچراپ قاپتىمەن.

(ئۇيغۇر)



# ئۆتۈپ كەتكەن جازانىخور

ئەپەندىم خىراجەتتىن قىسىلىپ خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ: «ئەي خۇدا، ھالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بەندەڭ ئالدىدا قىسىلدۇرغۇچە، ئۆزۈڭلا يۈز تەڭگە بەرسەڭ! بىر تۆت يەشىكە كۆزۈڭ قىيمىسا، قەرزگە بولسىمۇ مەيلى...»

شۇ پەيتتە ئىشىك تاقىلداپ قېقىلىپتۇ. ئەپەندىم ئىشىكنى ئاچسا، مەسچىتىگى ئىكەن. مەسچىتىگى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، مەھەللىمىزگە خۇدا يولىدا بىر مەسچىت سالدۇرىدىغان بولدۇق. سىزگە ئون تەڭگە خالىس سېلىق چۈشتى، — دەپتۇ.

— سورىغان پۇلنى تېخى بەرمەي تۇرۇپلا ئۆسۈمىنى قىستاۋاتامدۇ، نېمە؟ پاھ، پاھ، خۇدامۇ ئۆتۈپ كەتكەن جازانىخور ئىكەنغۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم ھەيران بولۇپ.

**(ئۇيغۇر)**

# سىلەردىن ئۈگەنسە بولغۇدەك

بىر باي ئەپەندىمنى لەت قىلماقچى بولۇپ، ئۆزد-ىنىڭ بىرنەچچە يېقىن كىشىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەپەن-دىمنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ ۋە قوغۇن تىلىپ ئەكىرىپتۇ. باي ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى يېگەن قوغۇننىڭ شاپىقى-نى ئاستا ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ.

— بەللى، ئەپەندىم، — دەپتۇ باي قوغۇن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ھەممە قوغۇننى ئۆزىڭىزلا يېگەن ئوخشىمامسىز!

— مەنمۇ قوغۇن يېدىم دەپ يۈرۈپتىمەن، قوغۇننى شاپىقى بىلەن قوشۇپ يېيىشنى سىلەردىن ئۈگەنسە بول-غۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# زىندان تەكشۈرۈش

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى باشلاپ زىندان تەكشۈرۈشكە بېرىپتۇ، پادىشاھ زىندانغا سولانغانلاردىن:

— سىلەر نېمە گۇناھ قىلغان؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھەممىسىلا:

— تەقسىر، ھېچ گۇناھىمىز يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن، ئارىدىن بىرلا كىشى ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھقا:

— تەقسىر، بۇ كىشىنى زىنداندىن چىقىرىۋەتسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ گۇناھكارنى كۆرسىتىپ، — زىنداندىكى گۇناھسىز بەندىلەرگە گۇناھى يۇقۇپ قالمىسۇن!

(ئۇيغۇر)

# ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆلىمەن

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ سەركەردىسىگە چاقچاق قىلىپ، «ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلگۈدەكسىز» دەپتۇ. دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ سەركەردە ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنى ئوردىغا چاقىرتىپ:

— ئەپەندىم، سەركەردەمنىڭ ئۆلۈمىگە سىز سەۋەبچى بولدىڭىز، گۇناھىڭىزغا ئىقرارمۇسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— سەركەردەمنىڭ قايسى كۈنى ئۆلۈشىنى بىلىدىكەنسىزۇ، ئۆزىڭىزنىڭ قاچان ئۆلۈشىنىمۇ بىلەمسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن.

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ يامان غەرىزىنى پەملەپ:

— بىلىمەن، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، — ئاخشام يۇلتۇزۇمغا قارىسام، ئۆزلىرىدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆلىدىكەنمەن.

پادىشاھ ئۆز ئۆلۈمىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەندى-

شىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئەپەندىمنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ :

— خۇدا، ئەپەندىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلى-سۇن! — دەپ پىچىرلاپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ئەپەندىم — ئىشەكچىشى

پادىشاھ ئەپەندىمنى مەسخىرە قىلىش مەقسىتىدە، ئوردىغا چاقىرىپتۇ ۋە پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ بۇيرۇق ئېلان قىپتۇ:

— شۇنداق پەرمان جاكارلايمەنكى، بۈگۈندىن تارتىپ نەسرىدىن ئەپەندىگە ئىشەكچىشلىق مەنسىپىنى لايىق كۆردۇق...

ئوردا ئەھلى پاراق - پاراق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ تەختىدىنمۇ يۇقىرىراق ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— ئەپەندىم، تەختىمدىن يۇقىرى يەردە ئولتۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭىز؟ — دەپتۇ ئاچچىقى بىلەن.

— يۇقىرالىدىم، جىم! — دەپتۇ ئەپەندىم ئوردا ئەھلىگە قاراپ، — پەرمانى ئالىي بويىچە ئۆز ۋەزىپەمنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتىم، بېگىملارنىڭ سۆزىنى ھەرگىز يەردە قويماڭلار!

(ئۇيغۇر)

# مىڭ لەنەت

ئەپەندىم بازارغا كېتىۋېتىپ، بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە تاشنى «مىڭ لەنەت ساڭا!» دەپ تىللاپتۇ. شۇ پەيتتە ئەپەندىمنىڭ قارشىسىدىن چىقىپ قالغان ئىشان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، ئەپەندىمگە ئېسىلىپتۇ.

— سىز مېنى «مىڭ لەنەت» دەپ تىللىدىڭىز، يۈرۈڭ قازىغا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئىشان ۋە ئەپەندىمنى سۆرىگىنىچە قازىخانىغا ئاپىرىپتۇ.

قازى دەۋانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئىشانىمىزغا ھاقارەت قىلغىنىڭىز ئۈچۈن يېرىم تەڭگە جەرىمانە تۆلەيسىز» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. قازىنىڭ ناھەق ھۆكۈمىدىن ئەرۋاھى ئۇچقان ئەپەندىم يېنىدىن بىر تەڭگە چىقىرىپ قازىغا ئۇزىتىپتۇ-دە:

— مىڭ لەنەت دېگەنگە يېرىم تەڭگە ئالىدىغان ئىشىڭىز بولسا، قالغان يېرىم تەڭگە ئۈچۈن سىزگىمۇ مىڭ لەنەت، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# كەڭ گۆر

ئەپەندىم ئۆيىنىڭ تارلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپتىكەن، ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ بىرى ئەپەندىمگە تەسەللى بېرىپ:

— ئەپەندىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇ دېگەن تۆت كۈنلۈك ئالەم، ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇدايىم ئۇ دۇنيالىق گۆرىڭىزنى كەڭ قىلسۇن! — دەپتۇ.

— خۇدايىم رەھىم قىلسا، مۇشۇ دۇنيادا كەڭ ئۆي بەرسۇن، ئۇ دۇنيادا بېرىدىغان كەڭ گۆردە ئوغلاق تارتاتتىممۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خۇشاللىق كۈن

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ، پۇقرالار ئارىسىدا بولدىڭىز. پۇقرالىرىمىزنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كۈنى قايسىكەن؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، پۇقرالارنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كۈنى ھەزرەتلىرى جەننەتكە يول ئالغان كۈن ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ھېكمەتلىك سۆز

ئەپەندىم يۇدۇمچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، يۇدۇمچىلەر بازىرىغا بىر كىشى كېلىپ:
— بىر ساندۇق چىنە ـ قاچام بار، كىم ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ بەرسە، ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىدەمەن، — دەپتۇ.
باشقا يۇدۇمچىلەر: «قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ» دەپ ئۇنىماپتۇ. ئەپەندىم «پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ئەقىل تېپىلمايدۇ. ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ ئەقلىمنى ئاشۇراي» دەپ ئويلاپ ماقۇل بوپتۇ.
ئەپەندىم ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يېرىم يولغا بارغاندا:
— قېنى، ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاي، — دەپتۇ.
— سىزگە بىرى «توقلۇقتىن ئاچلىق ياخشى» دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ! — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
— پاھ، پاھ، تازىمۇ ياخشى گەپ ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، — قېنى، ئەمدى ئىككىنچىسىنى ئاڭلاي، — دەپتۇ يەنە.
— ئەگەر سىزگە بىرى «ئاتلىق يۈرگەندىن پىيادە يۈرگەن ياخشى» دېسە، ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.


— ۋاھ، ۋاھ، بۇ گېپىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئەپەندىم ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى سوراپتۇ.

— ئۈچىنچىسى شۇكى، — دەپتۇ چىنە - قاچا ئىگىسى، — سىزگە بىرى دۇنيادا سەندىنمۇ ئەخمەق يۈدۈمچى بار دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ!

ئەپەندىم مۈرىسىدىكى ساندۇقنى يەرگە تاشلىۋېتىپ:

— سىزگىمۇ بىرى ساندۇق ئىچىدىكى چىنە - قاچىلار سۇنمىدى دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ، — دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# باغاق

ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى توي قىلماقچى بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ باغاق تارقىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەپەندىم پۈتۈن شەھەردە تەكەببۇرلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان بىر باينىڭ باغىقىنى ئېلىپ بېرىپتىكەن، باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— باغاق ئەكېلىشكە سىزدىن ياخشىراق ئادەم تېپىلماپتىمۇ؟ — دەپ كايىپتۇ.

— ياخشىراق ئادەملەر بار ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن، — بىراق، ئۇلار ياخشىراق ئادەملەرنىڭ باغىقىنى ئەكېتىپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# راست بىلەن يالغان

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، راست بىلەن يالغاننىڭ پەرقى نېمە؟

— ئۇلارنىڭ پەرقى كۆز بىلەن قۇلاقنىڭ پەرقىگە ئوخشاش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسە «راست» بولىدۇ، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان نەرسە «يالغان» بولىدۇ! ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# سېنى قانغا بۇلغۇۋېتىدۇ

بىر كۈنى ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇلار بىر بۆرە ئۇۋۇسىغا ئۇچراپتۇ. ئاغىنىسى بۆرە كۈچۈكىنى تۇتىمەن دەپ بۆرە ئۇۋۇسىغا كىرىپتۇ.

بۇ چاغدا، دەل چىشى بۆرە كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىم چاققانلىق قىلىپ بۆرىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋاپتۇ، چىشى بۆرە ئۆزىنى ئوڭ - سولغا ئۇرۇپ، چاڭ - توزان توزىتىپ، ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىسىنى توپىغا بۇلغىۋېتىپتۇ. ئاغىنىسى نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئەپەندىمگە ۋارقىراپتۇ:

— هوي ئەپەندىم، مېنى نېمانداق توپىغا بۇلغىۋەتتىڭ!

— هوي ئەخمەق، ئەگەر چىشى بۆرە قولۇمدىن چىقىپ كەتسە، سېنى قانغا بۇلغۇۋېتىدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئاغىنىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن ئورمانلىقتا ئوينىغىلى بېرىپتۇ. تۇساتتىن، بىر تۇپ قارىغاينىڭ ئارقىسىدىن بىر ئېيىق چىقىپ قاپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىسى ئۇچقاندەك بېرىپ بىر تۇپ قارىغايغا چىقىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ. ئەپەندىم ئېيىقنىڭ ئۆلۈك ئادەمنى يېمەيدىغانلىقىنى ئەسلەپ، يالغان ئۆلۈك بولۇپ يەرگە يېتىۋاپتۇ، دېمىنىمۇ چىقىرالماپتۇ. ئېيىق پالاسلاپ كېلىپ، ئەپەندىمنىڭ بەدەنلىرىنى، يۈزلىرىنى پۇراپ - پۇراپ كېتىپ قاپتۇ. ئېيىق كەتكەندىن كېيىن، ئاغىنىسى قارىغايدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ھوي، ئېيىق قۇلاقلىرىڭنى پۇراپ نېمىلەرنى دېدى؟

يەردە يېتىپ قورقۇپ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئەپەندىم بىر تىنىپ:

— ئېيىق ماڭا، خەۋپكە يولۇققاندا ئاغىنىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس، دېدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# چىۋىن

ئەپەندىمنىڭ تام قوشنىسى ئۇچىغا چىققان پىخسىق ئىكەن، تاماق يېگەندە تاماقنىڭ ھىدى تالاغا چىقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى ھەم ئېتىپ يەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇنىڭ تامىقىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم يەپ باقمىغاندۇ بەلكىم؟

— ياق، بىرى بار! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇ كىم بولغاي؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى ئەجەبلىنىپ.

— چىۋىن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى

ئەپەندىم بىر يىلى بېيىپ قاپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ قەدىناس ئېشىكىنى مىنىپ يۈرۈپتۇ.

بىر باي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھازىر خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىڭىز، نېمىشقا يەنىلا ئېشەك مىنىپ يۈرىسىز، ئوغلىڭىز چېغىدا ئېگىز ئارغىماق مىنىپ يۈرىدۇ؟

— راست ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى باي ـ دە، مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى.

(ئۇيغۇر)

# پۇلىڭىزنى هازىر ئېلىۋېلىڭ

ئىككى كىشى كوچىدا پۇل جېدىلى بىلەن ئۇرۇ-شۇپ قاپتۇ.

— پۇلۇڭنى بەرمەيمەن، قانداق قىلالايسەن؟ — دەپتۇ بىرى.

— بەرمىسەڭ بەرمە، قىيامەتكە بارغاندا ئالىمەن، شۇ چاغدا بەرمىگىنىڭنى كۆرەي قېنى؟ — دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئەپەندىم كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئالارمەنگە:

— ئاغىنە، سىز ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ پۇلىڭىزنى ئېلىۋالغىنىڭىز ياخشى، قىيامەتكە بارغاندا ئېلىۋالغىنىڭىز بىلەنمۇ خەجلەيدىغان يەر تاپالمايسىز! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# لوڭقىنىڭ توغرا سىغىمى

تۈركىيىدە جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئېسىل بىر گۈل لوڭقىسى تېپىلىپتۇ. كىشىلەر چايخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ توغرا سىغىمىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

دەل بۇ تالاش - تارتىشنىڭ ئۈستىگە ئەپەندىم كىرىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئەپەندىمنى بۇنىڭغا بىر كېسىم چىقىرىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— بۇ ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — گۈل لوڭقىسىنى ئەكېلىڭلار، ئاندىن بىر تەلەڭگە قۇم ئەكېلىڭلار.

ئەپەندىم قۇمنى بىرئاز - بىرئازدىن لوڭقىنىڭ ئىچىگە قۇيۇپتۇ، ئاندىن بىر تال ياغاچ بىلەن قوچۇپ، قۇمنى ئاستىغا چۈشۈرۈپتۇ. لوڭقا گويا يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قۇمغا توشۇپتۇ. ئاندىن ئەپەندىم:

— ئەمدى لوڭقىنىڭ سىغىمى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئەمدى سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭلار شۇكى، لوڭقىنىڭ ئىچىدىكى قۇمنى چىقىرىپ، بىر چىنە - بىر چىنىدىن ئۆلچەڭلار، شۇ چاغدا لوڭقىنىڭ توغرا سىغىمىنى تاپالايسىلەر، — دەپتۇ.

(تۈرك)

# ھەقىقەتنىڭ بەدىلى

بىر كۈنى ئەپەندىم ئۆزىنىڭ بىر تۇركۇم مۇرىتلىرىغا:

— ئەگەر سىلەر ھەقىقەتكە ئېرىشمەن دېسەڭلار، ئۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن تەر تۆكۈشۈڭلار كېرەك، — دەپتۇ.

— ئەمىسە، سىز نېمە ئۇچۇن ھەقىقەتسىمان نەرسىلەرنىڭ بەدىلى ئۇچۇنمۇ تەر تۆكىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مۇرىتلاردىن بىرى.

— سىلەر دىققەت قىلمىدىڭلارمۇ؟ بۇنداق ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا مەن بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بەدىلى ئۇچۇنمۇ تەر تۆكمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# ئېشەك بىلەن تاغار

بىر نەچچە پەيلاسوپ چايخانىدا ئولتۇرۇپ بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەپەندىم كىرىپ قاپتۇ.

— ئەپەندىمدىن بىر مەسىلىنى سوراپ باقايلى، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى.

— ئېشەكتىن باشقا نېمىنى بىلەتتى ئۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— ئېشەكتىمۇ پەلسەپە بار - دە، — دەپتۇ ئەپەندىم ئاڭلاپ.

— ئۇنداق بولسا، ئەپەندىم، — دەپتۇ كېيىنكىسى، — سىز مۇنۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ بېقىڭ، ئېشەك بۇرۇن بولغانمۇ ياكى سامان قاچىلايدىغان تاغار بۇرۇن بولغانمۇ؟

— بۇنى سوراشنىڭ نېمە هاجىتى، تاغار بۇرۇن بولغان - دە، — دەپتۇ ئەپەندىم دەرهال.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپتۇ پەيلاسوپلاردىن بىرى.

— بىر ئېشەك بىر تاغارنى تونۇيالايدۇ، ئەمما بىر تاغار بىر ئېشەكنى تونۇيالمايدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# ئىككىلا ئاي ياخشى

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، بىر نەرسىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، ئورغاقتا ئوخشاش ھىلال ئاي ياخشىمۇ ياكى نانغا ئوخشاش يۇملاق ئاي ياخشىمۇ؟
— مېنىڭچە، ئىككىلا ئاي ياخشى، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— نېمىشقا؟
— ئەگەر ئورغاق بولمىسا، نان نەدىن كېلىدۇ؟ ئەگەر نان بولمىسا، ئورغاقنى قانداق تۇتقىلى بولىدۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# مەسلەن

بىشەم، پەلىپەتىش گەپ قىلىدىغان بىر ئادەم ئە-
پەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كالىنىڭ سىگىرى، تېرىسى، قام-
چىسى زادى پىشمايدۇ، ئادەمنىڭمۇ پىشمايدىغان يېرى
بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مەسلەن، — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— مەسلەن، سىزنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭىز! — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)


# ئۆسەك گەپ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، قانداق قىلغاندا ئۆسەك گەپ تارقىتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر سىز ئۆسەك گەپ تارقىتىشتىن ساقلىنىمەن دېسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆسەك گەپنى ئاڭلاشقا ئامراق قۇلىقىڭىزنى كېسىۋېتىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)



# راست گەپ ئېغىر

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— دۇنيادا ھەممىدىن نېمە ئېغىر؟

— راست گەپ ئېغىر! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— راست گەپنى ئۆلچەيدىغان يەر نەدە؟ — سوراپتۇ ئۇ كىشى.

— راست گەپنى ئۆلچەيدىغان يەر سىزنىڭ كۆكرىكىڭىزدە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAxODc1Njcuemlw",
"filename_decoded": "40187567.zip",
"filesize": 19179670,
"md5": "1a87be0384cff04989270807535c00f5",
"header_md5": "418a4a5a4ac433677a3f18c2c4c6b9dd",
"sha1": "3abc28ed1c6b4aa0061de9833c44708b22bf2b52",
"sha256": "bec456ea9f3fbce364dfbfede9531af4b0f1fc69322f343032580c50663c8d5a",
"crc32": 2527763340,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 21461152,
"pdg_dir_name": "\u2591\u00f3\u2556\u2593\u2560\u00df\u2568\u00aa\u2557\u2591\u2524\u2264\u255a\u00bd 2 \u2561\u250c2\u2591\u00b5 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40187567",
"pdg_main_pages_found": 487,
"pdg_main_pages_max": 971,
"total_pages": 509,
"total_pixels": 1866225728,
"pdf_generation_missing_pages": false
}